بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# ئۆزگىگە قوپچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش



شىنجاڭ يەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

信誉之本：维吾尔文/阿布来提 • 居马土谱热克编著，
—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.3
(致富丛书)
ISBN 978-7-5466-1314-7

I.①信… II. ①阿… III.①商业经营—通俗读物—
维吾尔语(中国少数民族语言) IV.① F715-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第053066号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۇچى: ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەمراگۇل مامۇت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: مېھرىگۇل مۆمىن

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى
**ئۆزىگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ**
* * *
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.25
2012 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1314 - 7
باھاسى: 18.00 يۈەن



ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 - يىلى 4 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيەسى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆتەكلىك كەنتىدە تۇغۇلغان، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بولغان. ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر» ژۇرنىلىدا باش مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىرغىچە 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جاسارەتلىك بول ئوغلۇم» قاتارلىق 17پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە - ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېيىتىپ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئارزۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەربىر كىشىدە كۆرۈنمەس بىر تىلتۇمار بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان. بۇ بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنى جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ؛ تىلتۇمارنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۇرمۇشنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەتتا يۇقىرى پەللىدە تۇرغان كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىزدىن ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئېڭىمىزنى، قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، زامانغا لايىق بىلىم ـ ساپانى ھازىرلىشىمىزنى، ئۇچرىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پەم ـ پاراسەت، جاسارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ھەممىلا يەردە تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرسەت» لەر ھەممىلا ئادەمگە بېيىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

بىراق، ئۇ تەييارغا ھەييار بولىدىغانلارنىڭ بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. پەقەت تىرىشقان، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاسىتە ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېيىش ئىستىكىدە بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا «بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى» نى سۇندۇق. مەجمۇئە تۈرلۈك تىجارەت يوللىرىنى، ئىستېمال يۈنىلىشىنى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇللىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، بۇ كىتابنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستەكلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزگە ياخشى بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ئورنىدا ........................ 1
بەزىدە ئادەم ئۆزىنى ئۆزى قويغۇچىدۇر ........................ 2
بىخەستەلىكتىن ئازابتا قېلىش ........................ 11
بىپەرۋالىقتىن ساقلىنىش ........................ 17
چېقىمچىلىق ۋە ھەسرەتتە قېلىش ........................ 21
سېمىزلىك ۋە ھاياتنى نابۇت قىلىش ........................ 27
پۇرسەت ۋە بىپەرۋالىق ........................ 32
قېيىداش ۋە ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ بەربات بولۇش ........................ 37
تەنە گەپ ۋە گەپتە قويۇلۇپ كېتىش ........................ 41
غۇلاچىنى كۆزلەپ، غېرىچتىن قۇرۇق قېلىش ........................ 46
كىچىك ئىشتا ئېھتىيات قىلىپ، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................ 52
ئۆزىنى ئۆزى ئەخمەق قىلىش ........................ 66
بانكا، قەرز پۇل، دېھقان ئوبرازى ........................ 77
«قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىش» ........................ 82
قويمىچىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك ........................ 90
قول قولنى تونۇيدۇ ........................ 93
پارا ئالغۇچى ئۆزىگە دۇشمەندۇر ........................ 99
نامۇۋاپىق چاغدا قەرز سۇيلەش ........................ 108
باشقىلارنى قەستلەش ........................ 112
باشقىلارنى ئالداش ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالداشتۇر ........................ 117
ئۆزىنى قويۇشنىڭ چوڭقۇر پاتقىقى ــ شەھۋەتپەرەسلىك ........................ 120
ئىشلەمچىنى ئىشلەمچى قويۇش ........................ 142
ئۆزىگە قارا ساناش ........................ 145
يالغان سۆزلەپ ئۆزىنى قويۇش ........................ 151

قىزىپ كېتىشتىن قويۇلۇپ كېتىشكىچە ........................ 157
مەمەدانلىقتىن ئۆزىنى قويۇش .................................. 164
هاراق ـ بەختلىك هاياتنىڭ كۈشەندىسى........................ 169
سودىدا بىخەستەلىك قىلىش ........................................ 172
ئاسان پۇل تېپىش چۈشى ........................................ 176
ئالدىنىش ۋە ئۆزىنى قويۇش........................................ 179

# مۇقەددىمە ئورنىدا

ئەپەندىمنىڭ ئەقىل كامالىتىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز نېمانچە ئەقىللىك، سىزدىكى ئەقىل نەدىن كېلىدىغاندۇ؟

— مەن ئەقىللىك ئادەم بولمىسام كېرەك. بىراق مەندىكى ئەقىلنى باشقىلار ئۆگىتىدۇ. نېمىشقا دېسەڭلار، بەزىدە ئادەملەرنىڭ نەپسى كۆز نۇرلىرىنى توسۇپ، ئەقلىنى گەجگىسىگە چىقىرىپ قويىدۇ. دەل شۇ چاغدا مەن ئەقىللىك بولۇپ قالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

بىزدە: «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق»، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دەيدىغان ماقال بار. يۇقىرىقىدەك گەپنىڭ بولۇشىنىڭمۇ، يەنە مۇشۇنداق سۈپەتلەشنىڭ بولۇشىنىڭمۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ ئەقىللىك بولۇشى بىلەن ئاچ كۆز، نادان بولۇشى، دانا ۋە چېۋەر بولۇشىمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىيلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز سۆزلىمەكچى بولغان قويمىچىلىقمۇ دەل مۇشۇ ئىككى خىل زىددىيەتنىڭ سۈركىلىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ، مەۋجۇت بولىدۇ، داۋاملىشىدۇ ۋە بەربات بولىدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قويغۇچى بىلەن قويۇلغۇچىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى سەۋەب بولىدۇ. ئەپەندىمنىڭ بايىقى ئىزاھاتى بۇ نۇقتىنى تولۇق يېشىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، بىز قويمىچىلىقتىن، ئۆزىمىزنى قويۇۋېتىشتىن قانداق قۇتۇلۇشىمىز كېرەك؟ بۇنىڭ جاۋابىنى كىتابتىكى ئەمەلىي، جانلىق مىسال، تەرتىپ، ئۇسۇللاردىن ئىزدىسەك قانائەت تېپىشىمىزدا گەپ يوق.

# بەزىدە ئادەم ئۆزىنى ئۆزى قويغۇچىدۇر

ئۆز ـ ئۆزىنى قويۇشمۇ بىر خىل قويمىچىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى بىلەن قويۇلۇپ كېتىش يوللىرى ھەر خىل، سەۋەب، نەتىجىلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇنداق بولۇشتا نۇرغۇن تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر باشقىلارغا قويۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش، پايدا بولىدىغان ئىشنى قىلىش ۋە باشقىلارنى قويۇشنى نىشان قىلىش بىلەن ھەرخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ ـ دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاسانلا ئۆزى باشقىلارنىڭ قويۇۋېتىشىگە ياكى قويۇلۇپ كېتىشكە دۇچار بولىدۇ. ئومۇمەن ، بۇ خىل قويمىچىلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئالدىنئالا كۆزلەش، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيادە سەزگۈرلۈك بىلەن قوغداش، شۇ ئىشلارغا چېتىشلىق نۇرغۇن تەرەپنى بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك ياكى شۇ ھەقتىكى ئۇچۇر ۋە بىلىمگە ئىگە بولماسلىق، ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەسلىك قاتارلىق ئامىللار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ ئادەم ياكى شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇم كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئامىللىرى ۋە مىساللىرى بار.

## چىرايلىق گەپكە زور مەنپەئەتلىك تورنى قويۇۋېتىش

يېقىن بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، مەلۇم كىشىنىڭ ساياھەت شىركىتى ئاچماقچى بولغانلىقىنى، بۇ شىركەت بەزى تورلەرنى، يەنى يەرلىك ۋە ئۆرپ ـ

ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساياھەت تۈرىنى ئېچىشقا ئېھتىياجلىقلىقىنى، بۇ تۈرلەرنى لايىھەلەشتە ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قانچىلىك تۈرنى تاپالىسا، شۇ تۈرنىڭ ھەممىسىگە غوجايىن مەبلەغ سېلىپ بېرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولىمۇ قىزىققان ۋە بۇ تۈرلەرنى تېزرەك يولغا قويۇپ، نۇرغۇن پۇلنىڭ غوجايىنى بولۇشقا ئالدىرىغان. ئۇ بەك ھاياجانلانغان ۋە سۆيۈنگەن بولۇپ، ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئىرادىسى شۇنچىلىك مۇستەھكەم، ئىشەنچى شۇ قەدەر چوڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: مېنىڭچە سىز ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپسىز. شۇڭا، بۇ ئىشتا ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ قايتا ئويلىنىڭ، بولمىسا سىز تەبىئىيكى ئالدىنىپ قالىسىز، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. مۇنداقچە دېسەم، سىز ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىسىز ياكى قارشى تەرەپ سىزنى قويۇۋېتىدۇ. چۈنكى، سىزگە مەبلەغ سېلىپ بېرىدىغان كىشى تىجارەتچى، ھەرگىز ساخاۋەتچى ئەمەس. تىجارەتچى ئىكەن، تاكتىكا جەھەتتىن سىزدىن، بىزدىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىك، سىزنىڭچە ئۇ شۇ خىل تۈرلەرنى بىلمەسمۇ؟ بىلىدۇ، لېكىن سىزگە ۋە مۇشۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەرگە قارىغاندا كەڭ دائىرىلىك ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىگە قەدەر بىلمەيدۇ، سىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تۈرىڭىزدىن ئۈچۈر ئىگىلەيدۇ، بىر بولسا، شۇ ئاساستا قايتا پىلانلاش ئېلىپ بارىدۇ، يەنە بىر بولسا، تىجارەتچى سىزنىڭ ئاشۇ تۈرىڭىزنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئۇنى مەن لايىھەلىگەن دېسىڭىز، قىسمەن ئېقىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت نەزىرىيە جەھەتتىكى ئۇقۇملارنىڭ تەرتىپلەشكەن، مۇنتىزىملاشقان بىر جەريانى خالاس. ئۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— ياق، ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ، ئۇ بەك مەرد كىشى، قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق بولمايدۇ. بۇ ئىشتا پۇل تاپالماي قېلىشىمىزدىن پەقەت ئەنسىرىمەيمەن، پەقەت مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ

قويۇشتىنلا ئەنسىرەيمەن. دېمەك، بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال لايىھەلەشنى باشلايلى!

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن. چۈنكى ساياھەت شىركىتىنى قۇرغان كىشى ئالدىن پىلانلىغان بولىدۇ. مەلۇم بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش ئاساسىدا ئىش قىلىدۇ. بۇ تۈردە پەقەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ياكى چەت ئەللەردىن كىرىدىغان ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ كەلسە، باشقا ئىشقا بەك باش قاتۇرۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا بەلكىم ئۇ دەل مۇشۇ مۇھىم نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

— راست، ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق دېدى، — دېدى ھېلىقى دوستۇم پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ، — قەشقەرگە كېلىدىغان ئادەملا بولسا، پۇل دېگەن ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ، بۇنىسى ئېنىق. بىراق، بىز ئۇنىڭ يەنە باشقا قوشۇمچە تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، شۇ تۈرلەردىن پايدىلانساق بولىدۇغۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ ساھەگە، قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ساھەسىگە كىرىپ، بۇ تۈردە چاڭ كەلتۈرۈپ، يىلىغا نەچچە مىليون پۇلنىڭ ئىگىسى بولغۇم بار... ئۇ ئادەمدە گەپ يوق. مەن ئۇنىڭغا: «سەن يېنىۋالساڭ، قانداق قىلىمىز» دېسەم، ئۇ «مەن خۇمسى بولۇپ كېتەي» دېدى. ئۇ دېگەن كىچىك بالا ئەمەس، يېنىۋالمايدۇ. يېنىۋېلىپمۇ بىزدىن قۇتۇلالامدۇ؟

— ھەببەللى، گەپ دەل مۇشۇ يەردە! — دېدىم مەن گەپ ئارىلاپ، — ئۇنىڭ يېنىۋالماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىزدە مۇھىم ئاساس ياكى مەنبە بولۇشى كېرەك. قانداق مەنبە؟ ئالدىن تۈزۈلگەن توختام، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرگىزمۇ يېنىۋالالمايدۇ. بىز ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىپ، تۈرنى لايىھەلەپ ئۇنىڭغا بېرىپ قويساق، تۈرنى قولىغا ئېلىپ باشقىچە ئۇسۇلدا قايتا پىلانلاپ چىقىپ، بىزنىڭ پىلانىمىزنى ئىگىلىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئۇ ئىشنى باشلاۋېرىدۇ، بىز

لېۋىمىزنى چىشلەپ قالىمىز. قەشقەردە ساياھەت شىركەتلىرى كۆپ بولسىمۇ، كۆپ سانلىق باشقۇرغۇچىلىرى ئۇيغۇر پۇرىقى قويۇق مەدەنىيەت، سەنئەت، ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنىۋى ئويۇن، بايرام، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى دېگەندەك بىلمەيدۇ. ئۇلار ساياھەتچىلەرگە يۈزەكى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، نادىر، جەلپكارلىقىنى نامايان قىلالمايدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ ئەڭ نازۇك نەرسىلىرىنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز كىشىلىرى ئاچسا، باشقا مىللەت كىشىلىرى ئاچقانغا قارىغاندا ئەتراپلىق، جانلىق، روشەن ئېچىپ، ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ بىر بوشلۇق بولۇپ، ئۇ ئېچىشقا موھتاج. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ بىزدە ئاساسى بولۇشى، يەنى توختامى بولۇش كېرەك.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، بىراق يەنىلا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىمەن. تىجارەت گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مۇقەررەر ھالدا، ئۇ بىر ئىزىدا توختاپ قالىدۇ ياكى مەغلۇپ بولىدۇ. تىجارەتمۇ مۆرىتى كەلسە، بىر جەڭ مەيدانى، «جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن گەپ بار، سودىمۇ شۇنداق. ئۇ ھازىرقى مەزگىلدە ئۇچۇر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى تاپىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ ئاغزاكى دېگەن گېپى بىلەن پالاقلىساق، ئاخىردا ئۇنىڭ نەتىجىسى نۆل بولىدۇ. شۇڭا، سىلى يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ مۇشۇ تۈردىن بىزگە پايدا بولسا، ئۇنى سىناپ باقساق بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئۇ چاغدا بىز باشقا تۈرگە تۇتۇش قىلساقمۇ بولىدۇ. پۇل بولسىلا قىلساق بولىدىغان نۇرغۇن ئىش بارغۇ.

— ماقۇل، شۇنداق قىلاي، — دېدى ھېلىقى دوستۇم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ دوستۇم يەنە شۇ

كىشىنىڭ گېپىنى قىلىپ كەلدى. نۇرغۇن تالاش - تارتىش قىلدۇق. ھېلىقى تۈر پىلانلاتقۇچى يەنىلا قۇرۇق گەپ بىلەن ئۇنى قاتتىق ئىشەندۇرۇۋالغانىكەن. مەن ئۇنىڭغا ھەممىسى يالغان ئىكەنلىكىنى ئېيتساممۇ، بىراق ئۇ يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا توختام توغرىسىدا گەپ ئېچىۋىدىم، قىلچىلىكمۇ يېقىن كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى، بۇ دەل ئۇنىڭ بىزدىن ئۇچۇر ئېلىۋېلىشتىن باشقا ئويدا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتى. بىراق، ئۇ ھېلىقى كىشىنىڭ سەپسەتىلىك گەپلىرىگە ئىشىنىپ بولغانىدى. مەن كۈلۈپ قويدۇم. ئۇ ئاخىر قايسى ئىشنى قىلىشنى پىلانلىساق بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدى. مەن رەت قىلغان بولساممۇ، ئۇ يەنىلا پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— بۇ تۈرلەرنى ئالدىن تاللاپ، ئاندىن پىلانلايمىز، يەنى قانداق ئېلىپ بېرىش تەرتىپلىرىنى بېكىتىپ لايىھەلەپ چىقىپ، ئاندىن يولغا قويىمىز، يەنى مەبلەغ سېلىپ قۇرغاندىن كېيىن باشقۇرۇشنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ئاخىردا ئۇنىڭ بىلەن پۇل تاپىمىز. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ھەمكارلاشساقمۇ ياكى بارلىق تۈرگە ئۇ پۇل چىقارسا، بىز تۈرىمىزنىڭ لايىھەلىنىش ئومۇمىي ھالىتىنى ساتساقمۇ بولىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ بىخەتەر يول. ھەمكارلاشساق، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپ، خەتىرى چوڭ بولىدۇ. ئالدىنقىسىدا ئاز پۇل تاپساقمۇ، خېيىم - خەتىرى يوق، كېيىنكىسىدە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ. ساياھەتچىلەرلا بولسا، پۇلىمىز داۋاملىق كۆپىيىدۇ، — دېدىم مەن.

— بىز قىلىدىغان ئىش دەل كېيىنكىسى ئىكەن، شۇنى قىلايلى. مەبلەغنى باشقىلار سالسۇن. باشقۇرۇش، پايدىسىنى كۆرۈش بىزدىن بولسۇن.

— ئۇنداق ئاددىي ئىش يوق، — دېدىم مەن، سۆزۈمنى داۋام قىلىپ، — بۇ نىيەتنىڭ يامانلىقى. تىجارەت قىلساق، چوقۇم تەڭ تۇرۇپ، تەڭ مەبلەغ سېلىپ قىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ئۇ تىجارەت بولمايدۇ ـ دە، ئالداش ـ ئالدىنىش بولۇپ زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ ياكى قارشى تەرەپكە قويۇلۇپ كېتىش ۋە ياكى قارشى تەرەپنى قويۇۋېتىشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ تىجارەتنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئەمەس.

— ھەي، بەك ياخشى ئىش ئىدى! — دېدى ئۇ خورسىنغان ھالدا، — قانداق قىلساق بولىدۇ؟ ... مېنىڭچە، بىز لايىھەلىمەكچى بولغان تۇردىن بىر نەچچىسىنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئۇنىڭغا پۇرتىپ باقايلى، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋام قىلىپ.

— بۇمۇ خەتەرلىك ئىش. ئۇ دەل شۇ ئۇچۇرنى ساقلاپ تۇرغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ لايىھەلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

— سىزنىڭچە قايسى تۈرلەرنى لايىھەلىسەك بولار؟

— مېنىڭچە، بىرسى قەشقەرنىڭ ساياھەت بۇيۇملىرى مەركەزلەشتۇرۇلگەن چوڭ بازىرىدىن بىر نەچچىنى قۇرىمىز. بۇنىڭدا يەر ۋە ئەسلىھەلەرنى تەييار قىلساقلا، شۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ساتقۇچىلار بۇ بازارغا كىرىپ، مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدۇ، ئۇ چاغدا ھەم ساياھەتچىلەر نەپ ئالىدۇ، ھەم تىجارەتچىلەر ۋە شۇ يەرنى ئاچقان ساياھەت شىركىتى پايدا ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، مەلۇم رايونغا ، يەنى قەشقەرنىڭ كونىشەھەر رايونىدىكى ئەۋزەل جايلىرىغا ئۈستى ئوچۇق مۇزېيغا دەرۋازا قويۇپ، ساياھەتچىلەردىن بېلەت ئېلىشنى يولغا قويۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، مەشرەپ سورۇنى ھازىرلاش كېرەك؛ تۆتىنچى، ئەنئەنىۋى ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى، سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن يىلىغا نۇرغۇن پۇل تاپقىلى

بولىدۇ. ئەمما بۇ ئېغىزدا دېگەندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇنى كۆپ تەرەپلىمە ئېنىقلاش، دەلىللەش، تەتبىقلاش كېرەك. ئەگەر مۇشۇ تۈرلەرنى ئاشۇ كىشىگە راستىنلا لايىھەلەپ بەرمەكچى بولساق، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىشىمىز كېرەك. ئېغىزدىكى گەپكە بۇنى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى مەلۇم ساياھەت شىركىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھېلىقى شىركەت بولسا مېنىڭ ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ دەل ھېلىقى دوستۇم دېگەن شىركەت ئىكەن. ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ شىركەت مەن ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى يولغا قويۇشقا كىرىشىپتۇ. ھېلىقى دوستۇمنى چاقىرىپ، ئەھۋال ئۇقسام، ئۇ مەندىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارنى بايىقى شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى، ھېلىقى ئىشەنچلىك كىشىگە دەپ بەرگەنىكەن. ئۇ شۇ ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ مۇشۇ ساھە ھەققىدىكى تۈرلەرنى ئۆزى لايىھەلەپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. دوستۇم بولسا لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم دەتالاش قىلىپ يىرىكلىشىپ قاپتۇ. دېمەك ئۇ ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلغانلىقتىن، چوڭ تۈرلەر قولىدىن چىقىپ، باشقىلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ كېتىپتۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇنداق ھېسسىياتقا تايىنىپ ئۆزىنى قويۇۋېتىش ھادىسىلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن دەردمەن بولۇپ كەتكەن، نۇرغۇن زىيانغا ئۇچرىغان، ھەتتا روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە، ئېچىنىشلىق ئىشلارغا يولۇققان. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان ئەھۋال. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

يۇقىرىدىكى ئىشتا مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئۆزىنى تەتبىقلاش كېرەك. يەنى، مەبلەغ سالغۇچىغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا بىرى، مەبلەغ سالغۇچى، يەنى ساياھەت شىركىتى قۇرغۇچى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان مەبلىغى، ھوقۇق ئىمتىيازى، ئۇنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرى بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پايدا يەتكۈزۈپ، تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك خاسلىقى بولۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، قويۇق دوستلۇق، تۇغقاندارچىلىق، ۋاستىچىلىك مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش ئارتۇقچىلىقى، سىياسەت ئارتۇقچىلىقى ۋە نازارەت قىلىپ، ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان مونوپوللۇقى بولۇشى كېرەك. مۇشۇ بىر قاتار تەركىبلەر بولغاندىلا، مەبلەغ سالغۇچى ئاندىن بايىقى دوستىمىزغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىشى مۇمكىن. بولمىسا، ئېنىقكى، سودا قىلغۇچى ئۇنى شېرىكچىلىككە ياكى ئۆزىدىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىشقا چاقىرمايدۇ.

2. ئېنىقلاش كېرەك. مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئۇنىڭدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئايان بولىدۇ. ئايان بولغان ئاشۇ تەرەپلەرنى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ، پايدا - زىيانلىرىنى ئايرىپ، سىناق قىلىپ ئىشلەپ بېقىش كېرەك، سىناقتا نەتىجە كۆرۈلمىسە ياكى قىسمەن ئۇتۇق قولغا كەلمىسە، ئۇ ھالدا قارشى تەرەپ گېپىنىڭ يالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ توختاپ قېلىشى كېرەك.

3. توختام تۈزۈش كېرەك. تۈرلەرنى ئاشكارىلاشقا بىر

توختام: تۈرلەرنى لايىھەلەشكە بىر توختام؛ تۈرلەرنى باشقۇرۇشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا بىر توختام تۈزۈش كېرەك. ھەمكارلىشىشقا ۋە قانداق مەبلەغ سېلىپ پايدىلىنىشقا يەنە بىر توختام تۈزۈش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىرلا توختام تۈزسىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا، توختامغا كاپالەت پۇلى ئېلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا، قارشى تەرەپ بايىقىدەك ھەقسىز پايدىلىنىپ كېتىش، لايىھەلىگەن ئادەم بىكار ئەمگەك قىلىپ لېۋىنى چىشلەپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

# بىخەستەلىكتىن ئازابقا قېلىش

بىرنەچچە خىزمەتداش مېھمان بولۇش ئۈچۈن مەلۇم جايدىكى تونۇر كاۋىپى دۇكىنىغا باردى. بۇ يەردە مارالبېشىنىڭ داڭلىق پاقلان گۆشى كاۋىپى سېتىلاتتى. باشلاپ بارغۇچى مەلۇم ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان باشقىلارنىڭ پۇل خەجلەپ بېرىشىگە كۆنۈپ قالغان، چىدىماس ئادەم بولۇپ، كاۋاپنىمۇ ئارانلا يەتكۈدەك بۇيرۇتۇپ بولدى قىلدى. بىر چاغدا ئۇ پۇلنى تۆلىمەكچى بولۇپ، كاۋاپچىنىڭ يېنىغا باردى، كاۋاپچى تونۇرغا ئوتنى بولۇشىغا قالاپ، قىزىتىپ تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. كىم بىلسۇن، ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىق يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ، كاۋاپچىغا بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، يېلىنجاۋاتقان ئوتنى پەسەيتىش ئۈچۈن كاۋاپچى ئۇ تەرەپتىكى داستىن سۇ ئالغىلى ماڭدى. دەل شۇ چاغدا مۇئاۋىن باشلىق يېلىنجاۋاتقان ئوتنىڭ تەپتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يىراقراق تۇرماقچى بولۇپ، قولىدىكى 100 يۈەنلىك خەلق پۇلىنى تونۇرنىڭ ئاغزىغا يېقىن تۇرغان تەلەڭگىگە قويۇپ يېنىشىغا، ھېلىقى پۇل ئۇدۇل تونۇرغا چۈشۈپ خۇددى ۋىلىلىدە يېقىلغان ئۇچقۇندەكلا كۆيۈپ غايىب بولدى. بۇنى ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىقلا كۆردى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، ئاپلا دېدى - يۇ، باشقا چارە قىلالمىدى، چارە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئىچى ئېچىشىپ ئاشۇ تونۇردىكى ئوتتىنمۇ ئۆتەر ئوت پۈتۈن بەدىنىنى قورۇپ، ۋۇجۇدىنى پاژ - پاژ قىلىپ پۇچىلاپ، ئۆز - ئۆزىگە ئاھ ئۇرۇپ، ئەجەب ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوقلا كۆيۈپ كەتتا؟ دېگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. شۇ چاغدا كاۋاپچى تونۇرنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

– سەل يىراقراق تۇرسىلا، – دېدى كاۋاپچى، – نېمە بولدى بۇ ئوتقا؟ يۇلغۇننىڭ ئوتىدىن ئازراق سېلىپ قويسام، تونۇرنىڭ شورىنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتەي دەپ قالدى.

– قاملاشمىغان ئىش بولدى دېسىلە ئۇستام، 100 يۈەن پۇلۇمنى تونۇرلىرى يەۋالدى.

– ئاپلا، پۇل دېگەننى تونۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلەمدىغان، ئوتنىڭ تارتىش كۈچى بەك كۈچلۈك. شۇڭا، ئوت - دە بۇ. بۇنىڭغا ئامال يوق؟! تونۇرنىڭ يېنىدا بىخەستەلىك قىلىپ بېشىدىكى ياغلىقنى، چاپانلىرىنى كۆيدۈرۈۋالغانلارمۇ ئاز ئەمەس، سىلىغۇ بۇ تەلەڭگىنىڭ ئۇستىدە قويۇپلا، قايسى كۈنى بىرەيلەن قولىدىكى پۇلىنىمۇ تونۇرغا يەم قىلىۋەتتى، كونىلاردا «ئوت بىلەن ئويناشماڭ» دېگەن گەپ بار. بۇ ئوت بىلەن ئوينىشىش بولمىسىمۇ، ئوتنىڭ يېنىدا سەگەك، ئېهتىياتچان بولمىسا ئادەم ئۆزىگىمۇ ئوت يېقىۋالىدۇ.

مۇئاۋىن باشلىق نېمە دېيەلىسۇن، ئۇ كاۋاپچىنىڭ 98 يۈەن پۇلىنى تۆلەپ، جەمئىي 198 يۈەننىڭ بېشىغا سۇ قۇيدى. بىللە بارغانلارنىڭمۇ شۇنچىلىك ئىچى ئېچىشتى. مۇئاۋىن باشلىقنىڭ خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ، ئېرىنىڭ ئالدىدا ۋاي ئىسىت، بوپتۇ، دېدى. كاۋاپ ئېلىپ بەرگىلى ئۇنىمىغان پۇلنى باشقىلارغا خەجلەيمەن دېسە، ئاشۇنداق بولىدۇ، خوپ بوپتۇ، دەپ كايىپ قويدى.

بىر قېتىم بىر ئايال خىزمەتدىشىمىز ئېرى بىلەن تاللا بازىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى بىر دانە گىرىم بويۇمىغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋېلىشنى مەسلىهەتلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئايال خىزمەتدىشىمىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق قاپلاپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا بىخۇدلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ گىرىم بويۇمنى ئېرىنىڭ ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىشلىتىشتەك شادلىققا غەرق بولۇپ كېتىشى ئىدى. ئۇ هەقىقەتەن ئىچى - ئىچىدىن خۇشاللىق پەيزىگە چۆمۈلۈپتۇ. كىم بىلسۇن، هېلىقى گىرىم بويۇمنى

قولىغا ئېلىپ، ئاغزىنى شۇنداق ئاچماقچى بولۇپ كۆتۈرۈشىگە، ئەينەك قۇتىلىق گىرىم بۇيۇمى قاپىنىڭ ئاستىدىن چۈشۈپ، چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. بىر نەرسە دېيىشكىمۇ ئاغزى بارماي، كۆزلىرى چەكچىيىپلا كېتىپتۇ... بۇنى كۆرگەن ئېرىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە گەپ قىلماي:

— بولدى، باشقىنى ئال، — دەپتۇ.

ئايال خىزمەتدىشىم: «تۇۋا، بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ، دېگەندەكلا بىر ئىش بولدى - دە» دېگەن ئوي بىلەن ئېرىنىڭ تەكلىپىنى ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا يەنە بىرنى ئالمىسا، ئېرىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە بىرنى ئاپتۇ.

ئايال خىزمەتدىشىم كېيىن بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىنىڭ 68 يۈەن پۇلىغا زىيان سالغانلىقىدىن بىئارام بولغان. شۇ چاغدا ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ قاپىنىڭ ئاستىنقى ئاغزىنىڭ ئوچۇق قالغانلىقىغىمۇ سەل قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

بىخەستەلىكنىڭمۇ تۈرى، شەكلى، شەكىللىنىشى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سادىر قىلىدۇ، ھەتتاكى بەك ئاشۇرۇۋېتىپ كۈلكە، مەسخىرىگە قالىدىغان ئىشلارمۇ مەۋجۇت. كۆپ ھاللاردا كىشىلەر قايسى بىر مەسىلىگە سەل قاراش ۋە بىخەستەلىك قىلىش تۈپەيلى، شۇ ئىشنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇشتىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. نۇرغۇن تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر ھامان بۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلماي، بىخەستەلىكىدىن زىيان كۆرۈلگەندىلا، ئاپلا دەيدۇ ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. بىراق ئۇ چاغدا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، نۇرغۇن كىشىلەر

ھامان بىخەستەلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ ياشايدۇ. دەسلەپتە سەگەك بولالمايدۇ، سەگەك بولغاندىمۇ بىشىدىن بىرەر ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئىھتىياتچان بولىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، كىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىپەرۋالىق ھامان ئادەمگە زىيان سالىدۇ. كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىسى بار پېشقەدەملەرنىڭ ھەممىسى بىخەستەلىكتىن ئىزچىل ساقلىنىدۇ. ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. باشقىلارغا ئۆزىنىڭ شۇ خىل خاراكتېرى بىلەن ئۈلگە بولىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى بەزىلەر ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنى كۆزى كىچىك، قورقۇنچاق دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى، پەقەت بىشىغا شۇنداق ئىش كېلىپ، بىخەستەلىك بىلەن زىيان تارتقاندىلا، ئاندىن ئۇلارغا قايىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەمدە ھەرقانداق ئىشقا ئەستايىدىل قارايدىغان ياخشى ئادەت يېتىلىشى كېرەك. ئىھتىياتچانلىق بىر خىل ئىقتىدارنىڭلا ئەمەس، كۆپ خىل ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. چۈنكى ئىھتىياتچانلىق مۇقىم بولغان پوزىتسىيەنى ئىپادىلەپ، ئەستايىدىللىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئەستايىدىللىق مەسئۇلىيەتچانلىقنى يارىتىدۇ؛ مەسئۇلىيەتچانلىق شۇ ئىشنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن تەرەققىياتىغا پاياندار سالىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى كىچىك ئىش چوڭ ئىشنىڭ باشلامچىسى ۋە چوڭ ئىشنىڭ ئۇلى. بىپەرۋا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ھەممىشە دېڭگۈدەك پالاكەت ياتىدۇ، ئۇنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، بەلكى، ئۇ شۇ ئادەمنى ئۇڭدا قويىدۇ.

### تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

پۇلى كۆيۈپ كەتكەن كىشى ئەسلى پۇلىنى تونۇر بىشىغا قويماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئوت ھەر قانداق بىخەستە

ئادەمنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، كونىلارمۇ: «ئوت بىلەن ئويناشماڭ، كۆيۈپ قالىسىز، كۆيۈك دەردى بەك يامان ئۆلۈپ قالىسىز» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان. بايىقى كىشىنىڭ پۇلىنى قانداق قىلىشى ھەققىدە بۇ يەردە دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. بۇ يەردە يەنە بىر نەرسىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ، يەنى بىپەرۋا قارساق بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. يەنى سۇ، توك، بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇر، قاتناش ۋاسىتىلىرى، زەھەر ۋە زەھەرلىك بۇيۇملار... بۇلارغا بىپەرۋالىق قىلىنسا، ئېنىقكى، ئادەمگە بالايىئاپەت كېلىدۇ، جانغا زامىن قەبىھ ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. تۇرمۇشتىكى بۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە دائىم ئەستايىدىل قاراش، ھوشيار بولۇش كېرەك. بىرى، شۇنداق پاجىئەلىرى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىك كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى تۈزۈش كېرەك. مەسىلەن، ئائىلىدە ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، مال - مۈلۈك كۆيۈپ ئائىلە خاراب بولىدۇ. سۇنىڭ خېيىم - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، سۇ بېسىپ كېتىش، قايناق سۇدا كۆيۈپ قېلىش دېگەندەك ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىزمەتدىشىمنىڭ ئىشىدا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ چېقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. يەنە بىرسى، ھەقدارنىڭ قىسمەن مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى ئۇ مەھسۇلاتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مەيلى قايسى تەرەپ بولسۇن، مۇشۇ مەھسۇلاتنىڭ چېقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئەستايىدىل بولۇش، بىپەرۋالىق قىلماسلىق، ئاسان چېقىلىدىغان، ئاسان بۇزۇلىدىغان بۇيۇملارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

بىز تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كېلىمىز، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىپەرۋالىق قىلىشتىن ساقلانسىلا، كىشىلىك تۇرمۇش بىخەتەر، ساغلام كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىرىنچىدىن،

ئۆزىمىزنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىزگە تەھدىت بولىدىغان نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشىمىز، ئۇنىڭ بىزگە تەھدىت ياكى بىخەتەرلىك ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، بىزدە ئېھتىياتچانلىق بولۇشى كېرەك. ئۇ بىزنى مەسىلىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، خېيىم ـ خەتەردىن ساقلاپ قالىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزىمىزنى قوغداش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، بىزگە تەھدىت بولىدىغان ۋاستە، ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، قارشى تەرىپىمىزدىكى نەرسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە زىيان سېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

# بىپەرۋالىقتىن ساقلىنىش

نورۇز بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا بىر رەسسام ئۇقۇتقۇچىنىڭ ماي بوياق رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئېچىلىدىغان بولدى. سەھەردىلا 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئېچىلىش مۇراسىمىنى كۈتۈپ تۇردى. كۈتۈلمىگەندە شامال چىقىپ، ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان يوپۇق تاختىسىنى ئۆرۈۋەتتى. كىشىلەر: «ھەي، تاختىنى چىڭراق بېكىتىسىچۇ؟ تاس قالدى باشقىلارنى يارىلاندۇرۇپ قويغىلى» دېيىشتى. يوپۇق تاختىسى يەرگە دۈملا چۈشۈپ، بىرقانچە يېرى زېدە بولدى. ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل تاۋارمۇ پۇرلىشىپ نەلەرگىدۇر دومىلاپ مەينەت بولۇپ كەتتى. تاختا يېنىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان كىشىلەرنىڭ پۇتىغا چۈشكەن بولسىمۇ يارىلانغانلار بولمىدى. شۇ يەردە ئويۇنچۇق تاپانچىسىنى تەڭلەپ شوخلۇق قىلىپ ئويناپ تۇرغان بىر كىچىك بالا قورققىنىدىن يىقىلىپ ئاغزى - بۇرنى قاناپ قىرقىراپ يىغلاپ نەق مەيداننى بېشىغا كىيدى. بىر ھازا ئۆرىتۆپە بولۇشتىن كېيىن، مەيدان قايتا راسلىنىپ، ئېچىلىش مۇراسىمى يېرىم سائەت كېچىكىپ باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى رەسسامنىڭ روھى چۈشۈپ، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كەتتى.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر قوشنىمىز بالىسىنى يېتىلەپ بازارغا كېتىۋاتقاندا يامغۇر يېغىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن يېقىن بىر قورۇلۇش ئورنىنىڭ دالدا بولغۇدەك جايىغا بېرىپ دالدىلانغان. خېلىدىن كېيىن، يامغۇر پەسلەپ، بىردىنلا بوران چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ

بىلەن ئايال بالىسىنى يېتىلەپ قۇرۇلۇش ئورنىدىن چىقىۋاتقاندا يۇقىرىدىن شامال ئۇچۇرتۇپ چۈشكەن بىر پارچە لوزۇنكا تاختا ئۇلارنى بېسىۋالغان، ئايال دەرھال بالىنى تارتىپ، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىۋاتقاندا، يان تەرەپكە تىكلەنگەن تۆمۈر جازىدىن ئاجراپ چۈشكەن تۆمۈر ۋە تاختايلار قىزىنى بېسىۋالغان. ئايال ئۆزىنى ئېلىپ قاچالىغان، ئەمما قىزى بولسا، ھېلىقى تاختا تۆمۈر تۇرۇبىلارنىڭ ئاستىدا قالغان. كېيىن قۇتقۇزۇش خادىملىرى قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققان، ئەمما قىزنىڭ مېڭىسى ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن ئۆسۈملۈك ئادەم بولۇپ قالغان ھەمدە ئۇدا ئىككى يىل داۋالاتقان بولسىمۇ ساقايماي، ئاتا - ئانىسى 500 نەچچە مىڭ يۈەنلىك داۋالىتىپمۇ ئامال قىلالماي ئۇ ئالەمگە كەتكەن.

ئالدىنقى يوپۇق تاختىسى ۋەقەسى ئانچە چوڭ ئىش بولمىسىمۇ، شۇ ئىشنى قىلغۇچىغا زور روھىي بېسىم ئېلىپ كەلدى. باشقىلاردا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭ زىيىنى چوڭ دېمىگەندىمۇ، شۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، بىخەتەر يولغا قويۇلۇشىغا نۇقسان يەتكۈزدى. گەرچە كۆرگەزمە شۇنچىلىك مەنىلىك، شۇنچىلىك ياخشى تاماملانغان بولسىمۇ، ئاشۇ بىر ئىش كىشىلەر قەلبىدە داغ بولۇپ قالدى. كېيىنكىسى بولسا، بىخەتەرلىكنى ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ، پاناھلىنىش ئورنى قىلىپ، مەڭگۈلۈك پۇشايمان، ھەسرەتكە قالدى. ئەسلىدە بۇ ئادەم بۇنداق ئورۇننى پاناھلىنىش ئورنى قىلماسلىقى، قىيىنچىلىق بولسىمۇ، تەبىئىي ئاپەت بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىخەتەر، قولاي جاينى تاللىشى كېرەك. شۇنداقلا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى تەرەپمۇ شۇنداق ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، جازىلارنى پۇختا ئورنىتىشى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى تولۇق قوللىنىشى كېرەك. چۈنكى ھېلىقى ھادىسە كۆرۈلگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ئورنىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىمارنى داۋالىتىش، تۆلەم تۆلەش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ زور چىقىمدار

بولدى. بىلىش كېرەككى، قۇرۇلۇش قىلىش زور ۋە كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشغۇلات. ئۇنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا ھەر كۈندە نەچچە يۈز ئادەم قۇرۇلۇش ئورنىدا بىخەستەلىك تۈپەيلىدىن جېنىدىن ئايرىلىدۇ. 10 مىڭلاپ ئادەم يارىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى مەلۇم قۇرۇلۇش چېقىش ئورنىدا بىرسىنىڭ بىخەستەلىكى تۈپەيلىدىن، بەش ئادەمنىڭ پۇتى، بىر ئادەمنىڭ قولى كېسىلدى. بۇ پاجىئەنىڭ سەۋەبىمۇ جاھازنى ياخشى مۇقىملاشتۇرمىغانلىقتىن، كىشىلەر بىخەستەلىك قىلىپ، جاھازغا چىقىپ ئىش قىلغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان.

## تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەر تەكرار يۈز بەرگەن ھەم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر. كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشقا يولۇقۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، ئۆيدىكى توك ئەسلىھەلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئاشخانا بۇيۇملىرى، شۇنىڭدەك ھەر خىل جاھازلارنى مۇۋاپىق ئورناتماسلىق ھەم ئۇنىڭغا بىخەستەلىك قىلىپ قويۇش مۇمكىن. مانا بۇلار كىشىنى ھەسرەتتە قويىدۇ. مەيلى قايسى جايدا بولسۇن، نەرسىلەر، بولۇپمۇ جاھاز تىپىدىكى نەرسىلەرنى ئەستايىدىل، پۇختا قويۇپ، ئۇنىڭ خەتەر پەيدا قىلىش ئېھتىماللىقىنى تولۇق تۈگىتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، بىرىنچىدىن، ھەركىم ئۆزى زىيان تارتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش بىلەن بىرگە، شۇ ۋەقەنىڭ جاۋابكارى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىز تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل ئەسلىھەلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى خۇددى ھاياتقا تۇتقان مۇئامىلىگە ئوخشاش سەزگۈر. بىر تال مىخنى زادى قانداق جايغا قاققاندا، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىغا، قانداق جايغا قاققاندا ئۇنىڭ باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە زىيان سېلىش

ئېھتىماللىقنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىنچىكە قاراپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەم، تەرتىپ، قائىدىلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇش كېرەك. بىزدە بۇ جەھەتتە ئۆلچەملەر بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا بىز شۇنداق ئىشلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالىساق، بىزنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىز ساقلىنىپ قالىدۇ.

# چېقىمچىلىق ۋە ھەسرەتتە قېلىش

جەمئىيەتتە چېقىمچىلىق ۋە غەيۋەتخورلۇق قىلىشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق كەسپىگە ئايلاندۇرۇۋالغان كىشىلەرمۇ بار. شۇ ئىشنى قىلمىسا ئۇيقۇسى كەلمەسلىك، كىچىك ئىشنى چوڭايتىش، يوق ئىشنى بار قىلىش ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇسۇلى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ساپاسى يوق كىشىلەر؛ بەزىلىرىنىڭ شۇنچىلىك سۇپەت ـ ساپاسى بار تۇرۇقلۇق چېقىمچىلىق ۋە غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشىدۇ. ئۇلاردىن قۇتۇلغىلىمۇ ھەم ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ.

بىر قېتىم خېلى كاتتا بىر سورۇن بولدى. ئۇ سورۇنغا بىر دوستىمىز بىلەن ئەگىشىپ كىرگەن مېھماندىن بىرسى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ، مەلۇم شائىر ھەققىدىكى پاراڭغا كەلگەندە توساتتىنلا:

— قويۇڭلار ئۇنى، ئۇ سورۇنلاردا ياخشى شېئىرلارنى ئوقۇپ يۈرگىنى بىلەن قىزلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئوغرىلايدىغان ھېسسىيات ئوغرىسى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ پالانى مەكتەپنىڭ نۇرغۇن قىز ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ شېئىرىغا مەپتۇن بولۇپ، ھۆرمەت قىلىپ ئالدىغا بارسا، قىزلىق ئىززەت ـ نەپسىگە چېقىلىپ، ئۇلارنىڭ يامان يولغا مېڭىشىغا سەۋەب بوپتۇ. ھەي بىر ـ ئىككى قىز ئەمەسكەن، 200 ~ 300 قىزنى شۇنداق قىپتۇ، ئادەممۇ ئۇ ، ناكەس ئەبلەخ، ھارامزادە! ئۆتۈپ كەتكەن ئىپلاسلىق ـ دە بۇ!...

ئۇنىڭ گەپلىرى بەك قوپال، زەھەرلىك ئىدى. ئۇ بىر ھازا غەيۋەت بىلەن چېقىمچىلىق قىلدى. سورۇندىكى بولالمىغان

بىرسى ئۇنى سىرتقا تارتىپ چىقىپ كەتتى. چۈنكى، شۇ كۈندىكى سورۇننىڭ ساھىبخانى تىللانغان، ھاقارەتلەنگەن شائىرنىڭ كۈيۇئوغلى ئىدى. ھېلىقى كىشى بۇنى بىلمىگەنلىكتىن سۆزلەۋەرگەن، غەيۋەتنى قىلىۋەرگەنىدى. ئۇ ئىككىيلەن بىر ھازا يوقاپ كەتتى، بىر چاغدا بىرەيلەن كىرىپ، ئۇ كىشىنىڭ بەكمۇ ئىزا تارتقانلىقىنى، ئەمدى سورۇنغا كىرسە ئۇيات بولىدىغانلىقىنى دەپ كېتىپ قاپتۇ.

مەلۇم بىر ئىدارىدا دائىم ئادەم چېقىپ ئۆگىنىپ قالغان بىرنەچچە ئادەم، ھەمىشە باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ئىشىنى باشلىققا چېقىپ كىرىپ، نەپ ئالاتتى ياكى باشلىققا ياخشىچاق بولاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىكار بولسىلا، باشقىلارنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قۇلىقىنى ئىشىككە يېقىپ نىمە دەۋاتقاندۇ دەپ تىڭ ـ تىڭلاپ، كىچىككىنە ئىش ياكى گەپ بولسا، باشلىققا چېقىپ كېرەتتى. ھەتتا ئۇ ئادەمنى بەزلەر ئىشىككە قۇلاق يېقىپ تىڭ ـ تىڭلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىكنى ئېچىپ يىېپىۋېتىپ، قاتتىق ئوسال قىلغانىدى. ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۇلارنى ئادەم ئەمەس، تۇرقى ئادەم، قىلىقى ھايۋان دەپ قارايتتى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ نامى سېسىق ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار يەنىلا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى، ئۇلار قىلغان كۆلكىلىك ئىش، ھەجۋىيلەر ئاز ئەمەس ئىدى، كىشىلەر ئۇلاردىن ساۋاق قوبۇل قىلاتتى. ئۇنداقلارنىڭ ئىچى ئىنتايىن تار، كۆڭلى زىيادە قارا، بۇ ئىشنى ئۇزاق يىل داۋام قىلغان بولۇپ؛ كىشىلەر نەزىرىدە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالغانىدى. بىراق ئۇلار بەزى باشلىقلارغا نىسبەتەن ياخشى ئادەملەر ئىدى.

ئىشنىڭ قىزىقى ئۇلار پېنسىيەگە چىققاندا كۆرۈلدى. ھېلىقى باشلىق يەنە بىرقانچە يىل ئىشلەپ، ساداقەت كۆرسىتىمەن دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېڭىدىن باشلىق بولغان كۈشەندىسىنىڭ ئوغلى

ئۇنى بىراقلا ئىشتىن توختاتقانىدى. ھېلىقى چېقىمچىلارمۇ پېنسىيەگە چىقىپ، جىمىپ قالدى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، شۇ ئورۇندىن ئىلگىرى پېنسىيەگە چىققان، بىللە ئىشلىگەن ئادەملەر ئۇلارنى ئارىغا ئالمىدى. ھەتتا قارتا ئويناۋاتقاندا ئۇلاردىن بىرسى يېنىدا پەيدا بولسىلا، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تارقىلىپ كېتەتتى. بۇنداق ئايرىمىچىلىق توي - تۆكۈنلەردە، ھەرخىل سورۇنلاردىمۇ يۈز بەردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ چېقىمچىلىقى يەنە يۈز بەرسە، خاتىرجەم ئارام ئېلىشتىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ. ھەتتا ئاخىرىدا ئۇلار نېرۋا كېسەللىكى بولۇپ قالىدۇ، بىراق ئىبرەت ئالغانلار ئابلدى، ئالمىغانلار يەنىلا ئۆزىنىڭ خۇيىنى تاشلىمىدى. ئۇلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: «سىلەرمۇ قىلمىشىڭلارغا مۇناسىپ دەرد تارتىسىلەر، ئاگاھ بولۇڭلار، يامان قىلىقتىن توختاپ قېلىڭلار!!!»

بىرقانچە كۈنىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قەبىھ ۋەقە سادىر بولدى: بىر ئايال قەشقەردىكى داڭلىق ئالتۇن زىبۇ - زىننەت كوچىسىغا بېرىپ، بىر زەرگەرچىدىن ناھايىتى كۆپ تالاشتىن كېيىن، 1200 يۈەنگە ئالتۇن زەنجىردىن بىرنى سېتىۋالغان. ئۇ كوچىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، كۈتمىگەندە شۇ يەردە زەرگەرچىلىك قىلىدىغان بىر تونۇشىنى ئۇچرىتىپ قالغان، ئاندىن ھېلىقى ئالتۇن زەنجىرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالغان. ئۇ تونۇشى دەرھال تەرىنى تۈرۈپ: «سېلى سەل قىممەت ئېلىپ قاپلا، مەندىن ئالغان بولسىلا، 300 يۈەن ئەرزان بېرەتتىم» دەپتۇ. ئايال دەرھال: «قايتۇرۇپ بېرىپ، سىلىدىن ئالاي ئەمىسە» دەپتۇ. تونۇشى قانداق قىلىش ئۆزلىرىنىڭ ئىشى دەپتۇ. ئايال زەنجىر ساتقان زەرگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، سەۋەبىنى سورىسا، ئۇنى - بۇنى دەپ ئېنىق سەۋەب كۆرسەتمەپتۇ. كېيىن، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا: «سىلى قويمىچى

ئىكەنلا، مېنى قويۇپلا، مەن باشقا جايدىن ئالىمەن، پالانى تونۇشۇم 300 يۈەن ئەرزان بېرىدىغان بولدى» دەپتۇ. زەرگەرچى: «مەن قويمىچى بولغان بولسام، زەنجىرنى قايتۇرۇپ ئالمايمەن، شۇنداق دېگەن ئادەم ئۆزى قويمىچى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ئۇدۇل تونۇشىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلىنى ئاقچى ـ كۆكچى، قويمىچى دەپ تىللاپ كەتتى» دەپ دادلاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تونۇشى ئۇدۇل بېرىپ، ھېلىقى زەرگەرچىنىڭ قاڭشىرىغا بىر مۇشت ساپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە جېدەللىشىپ كېتىپتۇ. كېيىن پەس كويغا چۈشۈپ جېدەلنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ھېلىقى ئايالنىڭ چېقىمچىلىق قىلىپ، گەپنى كۆپتۈرگەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇ زەرگەرچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھېلىقى ئايالنى ئۇرۇپ، پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى ئايالنىڭ تونۇشى بولمىش زەرگەرچى ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئۇ زەرگەرچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا بارغان، ئۇيلىمىغان يەردىن تۆت ئادەم بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئەپۇ سورىغىلى كەلگەن زەرگەرچىنىڭ 10 نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان.

بۇ ئىشنى قانداقلا تەھلىل قىلايلى، ئىشنىڭ بېشى ھېلىقى ئايال، ئوتتۇرىسى ئايالنىڭ تونۇشى بولغان زەرگەرچى. ئايال گەپنى كۆپتۈرۈپ چاقماسلىقى، تونۇشى ئېلىپ بولغان ئالتۇن زەنجىرنى ياندۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلىپ، باستۇرۇپ بېرىپ ئۆكتەملىك قىلماسلىقى، زەنجىر ساتقان زەرگەرمۇ قىزىققانلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىنىشىدا يۈز بەرگەن كىچىك ئىشتىن چىققان ۋەھشىي ھەم قەبىھ پاجىئە دەپ قارالدى. بۇ ۋەقە نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەنپەئەتىنى ۋەيران قىلغان. ھادىسىگە ئۇچرىغانلار ئۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى نۇرغۇن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراپ، ۋەيران بولغان.

**تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش**

كونىلاردا: «كۆڭۈلدۈزى گەپ قىلساڭ، ئالدى - ئارقاڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاقتا ياق»، «تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن گەپلەر بار. بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچ نەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەممە نەرسە زەنجىرسىمان ھالەتتە باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، مەيلى قايسى ساھە ۋە كەسىپ بولسۇن، بىر - بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى دۇنيا ئۇچۇر دۇنياسى، كىم نېمە دېگەن بولسا، قارشى تەرەپ شۇنى ئاسانلا ئۇقۇپ بولىدۇ. چۈنكى سانسىز كىشىنىڭ مەنپەئەتى بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن. دېمەك، كىم چېقىمچى، غەيۋەتخور بولسا، شۇ زامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ھېچكىم قىلغان - ئەتكىنىدىن، دېگەن - يېگىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ھەم يوشۇرالمايدۇ.

بىز بۇ يەردە ئەخلاق، ئادىمىيلىك ۋە پەزىلەت نۇقتىسىدىن بۇ ئىشقا باھا بەرسەك، چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك، غەيۋەت - شىكايەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمگە ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى يامانلىق بىلەن رەزىللىك ھەم ئېغىر پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ، ئازاب - ئوقۇبەت، غەزەپ - نەپرەت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر يامان كۆرىدۇ، چەكلەيدۇ ۋە لەنەت ياغدۇرىدۇ. شۇ ئىشنى قىلغۇچىلار شۇئان پايدا ئالسىمۇ، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىر پاجىئەلىك بولىدۇ. شۇ خىل ئىللەتنى ئارقىلىق كىشىلەرگە سالغان زىيانلىرى ئۇچۇن ھاياتىدا يېتەرلىك دەرد - ئەلەم، قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلاتلارنى تارتماي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ شەرمەندىچىلىكى ئەۋلادلىرىغىمۇ ئۆچمەس داغ ۋە پاجىئەلەرنى قالدۇرۇپ، پۇشايمانغا قويىدۇ.

ئەمدى بۈگۈنكىلەر قانداق قىلىشى كېرەك؟ بىرىنچىدىن، ساۋاق قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، باشقىلارنىڭ

ئەيىبىنى ئېچىپ يايماسلىقى، بەلكى بىۋاسىتە دېيىش، تەنقىد قىلىپ، تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك. بۇ غەيۋەت قىلغاندىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئىش بولۇپ، دەسلەپ ئاغرىتىپ ئېيتىلسىمۇ، كېيىن قارشى تەرەپنى خۇشال قىلىدۇ. شۇ ئادەم ئاخىرىدا تەربىيە قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتماي قالمايدۇ. ئادەم ھامان سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ يۈزىدىكى داغىنى باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆرەلەيدۇ. ئادەمدە بىر پۈتۈن مۇكەممەللىك مەۋجۇت بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غەيۋەت - شىكايەت ۋە سۇخەنچىلىك، چېقىمچىلىق قىلىش ئادىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىغان، ئىچىدە سىڭدۈرۈۋېتەلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە نىسبەتەن ئەستايىدىل قاراپ، ئادىل بىر تەرەپ قىلىش، ھەققانىيەتنى يەرگە ئۇرماسلىق، ۋىجدان بىلەن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، چېقىمچى، سۇخەنچى، غەيۋەتچىلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىق، رەت قىلىش، گەپ قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ باش - ئاخىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىش، ھاپىلا - شاپىلا ئىش قىلىپ، پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماسلىق كېرەك. چېقىمچىلىق، قۇسۇر تېپىپ غەيۋەت قىلىش يامان ئىللەت بولۇش بىلەن بىرگە، دەل شۇنداق قىلغۇچى ئۆز - ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. بۇنداق خىيانەت ئادەمنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان تارتقۇزۇپ، پۇل - مېلىنى خورىتىدۇ، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنى تۈگەشتۈرىدۇ.

# سېمىزلىك ۋە ھاياتنى نابۇت قىلىش

«كاشال» لەقەملىك بىر كىشى بىلەن «تۇرسۇنجان يالقۇنتاغ شور تۇز كاڭ كارىۋىتى قەشقەر تارماق شىركىتى»دە تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ زىيادە سېمىز ئادەم بولۇپ، تۇرسۇنجان شور تۇز كارىۋىتىدا داۋالانغاندىن كېيىن، بەدىنىدىكى سۇ ئازىيىپ، بەدىنى بىر ئاز چىڭىغان، ئورۇقلاش ئارزۇسىمۇ ئاز - تولا ئىشقا ئاشقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى يەنىلا كۆرۈنەرلىك ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ زورى بىلەن بىللە تاماقتا بېرىپ ھەيران قالدىم، ئۇ كىشى پۈتۈن لەغمەندىن ئىككىنى، كاۋاپتىن 10 زىخ يەۋەتسىمۇ قورسىقى تويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقتا بەك ئامراق بولۇپ، ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىكەن. خوتۇنى قارنى يامان دەپ تەگەپ يۈرۈپ، ئىككى بالا بىلەن ئاجرىشىپمۇ كېتىپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ كۈنى نەدە قورساق تويسا، شۇ يەردە؛ نەدە پۇل تاپىدىغان ئىش بولسا، شۇ يەردە ئۆتىدىكەن. قارىغاندا ئۇ قىمارۋاز بولسا كېرەك، ئۇنى توسىدىغان، قوغدايدىغان ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقمىش. تۇرسۇنجان شور تۇز كاڭ كارىۋىتى داۋالاش ئورنىدىكى خادىملار داۋالىنىش بىلەن ئوزۇقلىنىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، داۋالاشقا ماسلىشىشنى نەچچە رەت ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ نەپسىنى زادىلا يىغالماپتۇ، ئۇنى بىرقانچە كۈنگىچە ئاز تاماق يېيىشكە، چېنىقىشقا كۆندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ تىرىشىپ بېقىپ نەپسىنى يىغالماپتۇ ھەم چېنىقماپتۇ. مېڭىپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئېيتسا، بىر ئاز مېڭىپلا ھېرىپ قېلىپ، ئۇنىمۇ

تاشلىغانىكەن. ئۇنىڭدا ئېغىر قان بېسىمى، قاندا ماي ماددىسى يۇقىرى بولۇش، مېڭىگە قان ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، رېماتىزم، پۇت - قول بوغۇم ئاغرىش دېگەندەك بىر قاتار كېسەللىك ئالامەتلىرى بار ئىكەن. مەيلى دوختۇر بولسۇن، مەيلى تونۇشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئورۇقلاشنى تەۋسىيە قىلغان. بىراق، ئۇ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قىلالمىغان...

بىر كۈنى بىرەيلەندىن كاشال يۈرەك سانجىقى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. ئۇ شۇ چاغدا 47 ياشتا بولۇپ، ياشلا كېتىپ قالغانىدى...

بۇنداق كېتىپ قالغانلار يالغۇز كاشاللا ئەمەس ئىدى. سېمىزلىك جىسمانىي كېسەللىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، روھىي كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر بولالىسىلا، ئاندىن جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىكنى يېڭىش ئىقتىدارىنى يارىتالايدۇ. بولمىسا، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق بولىدۇ - دە، كاشالدەك ھالەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە سېمىزلەر ئارىسىدا ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار كۆپ. ئۇلارنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنى ئۇلاردىكى بىنورمال ئوزۇقلىنىش ۋە ساپانىڭ تۆۋەنلىكى، يەنە كېلىپ بەزىلىرى بۇنداق بولۇشنى بىر خىل ئابرۇي، ئۆزىنى كۆرسىتىش دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى بىر خىل سۆلەت دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنى ساغلام، ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى يوق دەپ قاراپ، ئۆزىدىكى بۇنداق بىنورماللىقنى ئۆزىمۇ سەزمەيدۇ. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تۈگۈنى بولۇپ، ياش چاغلىرىدا راستتىنلا كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ، بەدەن ھەممىنى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ بىر خىل ۋاقىتلىق ئەھۋال بولۇپ، ئۇنى ئاشۇ خىل كىشىلەر دەمال

سەزمەيدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ياشنىڭ چوڭىيىشى، ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن نېرىپلارنىڭ قېرىشى، فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە جىسمانىي قۇۋۋەتنىڭ چېكىنىشىگە ئەگىشىپ، سېمىزلىك پەيدا قىلغان تۇرلۇك كېسەللىكلەر كۆرۈلۈشكە، ئېغىرلاشقا باشلايدۇ. ئۇزاق يىللىق چۆكۈش ۋە قالدۇق شەكىللىنىش نەتىجىسىدە ساقايتىش قىيىن بولغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، مېڭىگە قان ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەردىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ياكى مېڭىگە قان چۈشۈپ پالەچ بولۇپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىكەك سېلىشى، جېنىغا زامىن بولۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر تونۇشۇم بولۇپ، مەن ئۇنىڭ ھەمىشە مەست يۈرگەنلىكىنى ئۇچرىتىپ قالاتتىم. ئۇ ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغانىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاراق ئىچمىسە ئۇخلىيالمايدىغان، ئىچى كۆيۈپ ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالغان. قىشتا قار ـ مۇز ئۈستىدە قالسا، يازدا يامغۇردا تام تۈۋلىرىدە يېتىپ قېلىپ قاچان مەستلىكى يېشىلسە، شۇ چاغدا ئۆزىنى تېپىپ بىر ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم بىزار بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە ھاراق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. 50 ياشقا كىرگەندە جىگەر قېتىش سەۋەبىدىن قازا قىلدى. ھاراق ئاستا ـ ئاستا زەھەرلەپ ئۇنىڭ ئىچكى، تاشقى ئەزالىرىنى نابۇت قىلغانىدى.

يەنە بىر تونۇشۇمنىڭ نەشە دېگەندەك زەھەرلىك بۇيۇملارغا خۇمار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭ خىروئىنمۇ چەككەنلىكىنى، ئاخىرىدا زەھەر تاشلاش ئورنىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بەكمۇ ئېچىندىم. زەھەرنىڭ يامان تەرىپىنى بۇ يەردە دەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىش تەدرىجىي

ئۆلۈمنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

جەمئىيىتىمىزدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتنى نابۇت قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بىلىپ ـ بىلمەي شۇ يولدا مېڭىپ قالىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئىش بەك زىل ھەم بەك مۇرەككەپ بولۇپ، زىددىيەتكە تولغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرنىڭ ئەركىنلىكىدىكى ئىش بولۇپ، ئۇنى چوقۇم شۇ كىشى ئۆزى ھەل قىلىشى، ئالدىنى ئېلىپ، چەكلىشى كېرەك. مۇشۇ خىل بىر قاتار قىلمىش كىشىلەرنىڭ ئۆمرىگە زەھەرلىك قولىنى سوزۇپ، بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك ئەۋلاد قالدۇرۇشى، بالىلارنى سۈپەتلىك تەربىيىلىشى، كېلەچەك ئىگىلىرىنى ئەتراپلىق يېتىشتۈرۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۈيۈك ئارمانلارنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ.

## تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

ھازىر جەمئىيەتتە يېمەك ـ ئىچمەك يېتەرلىك بولۇپ، پۇل بولسىلا ھەممە نەرسىنى ئالغىلى، ساتقىلى، يېگىلى، ئىچكىلى بولىدىغان زامان بولۇپ كەتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكى چوڭ بۆرۈلۈش بولۇپ (ئۇ مەڭگۈ شۇنداق بولسۇن)، سەمرىپ كەتكۈچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. كونىلار: «سېمىزلىك ھايۋانغا خاستۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۇنىڭ ئادەمگە، كىشىلىك ھاياتقا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ئاز ئەمەس. بىز ھاياتنى قەدىرلىشىمىز، ئۇنى ئاسرىشىمىز، يېمەك ـ ئىچمەكنى تېجىشىمىز، مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇمۇ خوراپ كېتىدۇ، شۇنداقلا سېمىزلىكنى پەيدا قىلىپ، ھاياتقا ئېكەك سالىدۇ. ھاراق ۋە زەھەرگە، كەيپ ـ

ساپاغا خۇمار بولۇپ قېلىشىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق چەكلەپ، تۇسۇشىمىزغا تېگىشلىك ئىش. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

**1. روھى ساغلاملىقنى بەرپا قىلىش كېرەك.** مەيلى سەمرىپ كېتىش بولسۇن، مەيلى باشقا ئىشقا خۇمار بولۇپ قېلىشتا بولسۇن، ئادەمدە ئالدى بىلەن ساغلام روھى كەيپىيات بولۇشى كېرەك. بۇنداق روھ ئادەمنى جاسارەتكە، پاراسەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ چاغدا سەمرىپ كەتسە، يېمەك - ئىچمەكنى ئازايتىش بىلەن چېنىقىشنى كۆپەيتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**2. ياخشى تەجرىبە، ئۆرنەكلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك.** ئۇ ئادەمنى ئەقىل يولىغا، ساغلاملىق يولىغا باشلاپ بارىدۇ، نەتىجە قازىنىپ ئۆزىنى رىغبەتلەندۇرۇش، ئىلھام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**3. روھنى، ھەرىكەتنى تاۋلاش كېرەك.** قىيىنچىلىق ۋە بىغەيرىلىكتىن قۇتۇلۇشتا ئىرادىنى تاۋلاپ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، رەڭدارلاشتۇرۇش ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھالەتنى يارىتىش كېرەك.

**4. بۇرۇقتۇملۇقنى يوقىتىش كېرەك.** بىنورمال نەرسىلەرگە خۇمار بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى دېۋەڭلىك كېسەللىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلى چولتا، تەپەككۇرى يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ياخشى يولغا سېلىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ياردىمى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئىقتىدار يېتىلدۇرۇشكە يېتەكلەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، بۇنىڭدا كىتاب ئوقۇش، خاتىرە يېزىش، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

# پۇرسەت ۋە بىپەرۋالىق

بۈگۈن ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشخانىدا بارلىق خادىملارنى يىغىپ، ئىش ئورنى ئۈنۋانىنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇشتا گۇرۇھۋازلىق بىلەن مەنپەئەتپەرەسلىك خېلى گەۋدىلىك بولدى. بەزىلەر، ئالىي دەرىجىلىك ئىش ئورنىنى تالاشساق، ئېنىقكى ۋەزىپىمىز ئېشىپ كېتىدۇ، ئىش ھەققىمىز ئوخشاش بولسا، ئىش ئورنى دەرىجىسى تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، دېدى. بۇ گەپچە، ئۇلار ھازىر ئېلىۋاتقان ئىش ھەققىنى ئېلىپ، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشنى داۋاملىق قىلىش ئىدى. ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ مەقسىتى ئالىي، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئىش ئورنى سانىنى بېكىتىپ، ھەر بىر كەسپىي خادىمنى ئىش ھەققى ۋە ئىش تەقسىماتى جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ، ئىقتىدارلىقلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاجىزلارنى رىقابەتكە سۆرەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ تاۋلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. بۇ خىل ئىش ئورنى دەرىجىسىنى بېكىتىش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش ئورنىدا مۇناسىپ قىممىتىنى يارىتىشتىكى ياخشى پۇرسەت ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدىكى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تالاشمىسا، كېيىنكى قەدەملىرىدە يۇقىرى ئىش ئورنى، يۇقىرى ئىش ھەققى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پۇرسەت ـ ئىمتىيازغا ئېرىشكىلى بولمايتتى. بۇ قېتىم تالىشىپ يۇقىرى دەرىجە ۋە مۇناسىپ ئىش ئورنىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، كېيىنكى خىزمەت ۋە ئىش ئورنى، بولۇپمۇ ئۈنۋان ئېلىش، ھوقۇققا، ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدىن يول

ئېچىش، كۆزۈرۈك سىلىش بولۇپ قالاتتى. قانداقلا قارايلى، بۇ ئىش ناھايىتى مۇھىم، شۇنداقلا پۇرسەتمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قايسى ئىش تۈرى ئورنىنى تاللىسا، شۇ تۈرگە تەتبىقلىناتتى، كىم بولسۇن، شەرتنى توشمايدۇ دەپ چەتكە قېقىشقا يول قويۇلمايتتى، رىقابەت مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىدارە بېكىتىپ بەرگەن سان چەكلىمىسى ئىچىدە تاللاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە، ئۆزى تەلەپ قىلغان، تەتبىقلىغان ئىش تۈرگە مۇناسىپ كەلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەلەپ قىلغان دەرىجىگە، ھېچ بولمىسىمۇ، شۇ دەرىجىدىن تۆۋەنرەك مەلۇم بىر دەرىجىدىكى ئورۇنغا ئېرىشىش پۇرسىتى بار ئىدى.

مەن ھېلىقىدەك بىپەرۋا مۇئامىلە قىلغان خادىملارغا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى دېۋىدىم، ئۇلار قايتىدىن جانلاندى.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئەزەلدىنلا كەسپىي ئىقتىدارىم، تەپەككۇرۇمغا تايىنىپ، ئىدارىدىكى نۇرغۇن ئىشقا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن، مەسىلەن، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا، ئىش ئورنىدىكى ئۇ خىل تاللاش، بۇ خىل باھالاشلارغا پەرۋا قىلمىغان، ئۇنۋانغا كەلگەندىمۇ كىملەردۇر تالىشىپ ھالى قالمىغاندا پىسەنتىمگىمۇ ئېلىپ قويمىغان. ساڭا بېرىشىمىز مۇمكىن، ئىگە بولۇپ قوي، دېگەندىمۇ ئەتەيگە بولسىمۇ تالىشىپ قويمىغان ئىدىم. تالاشقانلار قانداق بولدى، مەن قانداق بولدۇم؟ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە نەرسە قىيىنلاشتى: مەن كەسپىي خادىم بولغاندىن كېيىن، ئۇنۋان ئېلىشىم كېرەككەن، ئۇ مەنپەئەتىمنىڭ تۈگى ئىكەن. تۈرلۈك باھالاش، مۇكاپاتلاش، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئىشلارغا نامزات كۆرسىتىش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە بىپەرۋا قارىدىم، ھەتتا شۇ خىل ئىش ئاۋارىچىلىككە گىرىپتار بولغان ئايرىم كىشىلەرنى مازاق قىلىپ، مەنسىتمەسلىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن خالىي بولالمىدىم. كېيىن كۆردۈمكى، ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە كەسپتە نەتىجىسى بار،

مۇناسىپ سالاھىيەت ياراتقان ئادەملەردىن بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزىلەر مەندىن كىچىك تۇرۇپ مېنى باشقۇردى، سەۋىيەسى مەندىن تۆۋەن بولسىمۇ قەدىرلەندى، ئەتىۋارلاندى. ئادەم ئىشنى تالىشىپ قىلىشى، تالىشىپ ئورۇن ھازىرلىشى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ھاياتى پائالىيىتىدىكى ئىشلارنى تالىشىپ قىلىشى، سالاھىيەت ھازىرلىشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر ئادەم ئىشنى تاپمىسا، ئىش شۇ ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئاخىرىدا شۇ ئادەمنى ئىشسىز قالدۇرىدىكەن.

تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى يەكۈنلەپ بەردىكى: «تىلىگەن تاپىدۇ». تىلىگەنلەر شۇ ئىشنىڭ پېيىدە بولۇپ، تولىمۇ ئەستايىدىل قاراپ، ئاخىرىدا كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلەيدۇ ياكى ئۇتۇققا ئىگە بولالايدۇ. بەزىلەرنىڭ نىيىتى يامان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلاۋىتى ئىجابەت بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلار پۇرسەتنى تولۇقى بىلەن تۇتۇپ، مۇناسىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، بىپەرۋالىق قىلمايدىكەن. شۇ ئارقىلىق نەتىجە - ئۇتۇقلىرىنى توپلاپ ماڭغاچقا، ئاخىرىدا غەلىبە شۇنىڭغا تەۋە بولىدىكەن.

بىپەرۋالىق قىلغان كىشى كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسەتلىرىدىن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھاڭنى پەيدا قىلىپ ئوڭشاش تەس بولغان ھالەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ كونا نەتىجىسى سالاھىيەتنى ياراتسا، بىپەرۋالىق قىلغانلارنىڭ نەتىجىسى يېڭىلاپ بولغىلى بولمايدىغان كونا ئارخىپ بولۇپ قالىدىكەن. مېنىڭ ھېلىقى تالاشقانلاردەك نەتىجەم يوق، يەنى ئۇلاردەك دەرىجە - سالاھىيەت مەندە يوق بولۇپ چىقتى، تالاشقانلارنىڭ بولسىچۇ؟ سالاھىيەت ئانكېتىنى تولدۇرغاندا، پالانى چاغدا پالانى ئۇنۋان ئالغانلىقى، پۇستانى چاغدا پالانى مۇكاپات، باھانى ئالغانلىقى، پۇستانى تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، ئۇ يەردە ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە بولغانلىقى پاكىت بولۇپ دەستەك قىلىندى. مېنىڭ بولسا، ئۇ نەرسىلىرىم يوق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئانكېتىكى

شەرتلەرگە مۇناسىپ گەپ مەندىن چىقمايدۇ، مەن يەنە شاللىنىپ كېتىدىكەنمەن! دېمەك نۇرغۇن شەرتلىرىم تەلەپتىن يىراقلاپ كەتكەنىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەم جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلغان ۋە تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، كەسپىي ئورۇندا، خىزمەت ئورنىدا ھېلىقىدەك ئىشلارغا سەل قاراپ قالسا، ئۇ چاغدا شۇ ئادەمنىڭ شۇ ئورۇندىكى سالاھىيەت قىممىتى بەربات بولىدىكەن! سالاھىيەت قىممىتىنىڭ يوق بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ كەسىپ، خىزمەت، ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىكەن. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ يەنە بىر ھەقىقىتىنى مەن باشقىلاردىن خېلى كېيىن چۈشىنىپ يەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئىش ئورنۇمدا ئۆزۈمنى رۇسلاپ، تالىشىپ ئىشلەيدىغان بولدۇم، مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ھەر كۈنى ئاھ ئۇرىدىغان، باتنايدىغان ۋە ئۆزىنى تاشلاپ، قېيداپ ئىش قىلىدىغانلارنىڭ كۈنى بارغانسېرى يامان بولىدىكەن. قىيىن بولىدىغىنى: بىرسى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ئاستىغا چۈشۈپ قالىدىغان گەپ ئىكەن؛ ئىككىنچىسى، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئىش ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، مەلۇم ئىمتىياز بولسا، قىيىنچىلىقىنى، ئېغىرچىلىقنى پەسەيتىشكە پايدىسى بولىدىكەن. شۇڭا ئادەم بۇ جەھەتتە ئۆزىنى قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك ئىكەن.

### تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

1. مەيلى قايسى جايدا ئىشلەڭ، ئۆزىڭىزگە كەلگەن پۇرسەتنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈڭ. بولۇپمۇ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىشلىگەن ئادەم چوقۇم شۇنداق قىلىشى ۋە ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك ئىكەن.

2. ئىمتىيازنى تالىشىپ قويۇڭ. چۈنكى ئىمتىياز ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھوقۇق. ئۇ يېڭى ئۇتۇق ئۈچۈن سىزگە

پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى ئىمتىياز، ئۇنۋان ئەمەلنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي ئۈستۈنلۈك بولۇپ، جەمئىيەت ئېنىقلا ئاشۇ خىل كۈچكە موھتاج بولىدۇ، بۇ خىل موھتاجلىقنى قامداش ئۈچۈن باشقۇرغۇچى، تەشكىللىگۈچى، يېتەكلىگۈچى بولۇش كېرەك. بۇمۇ كۆپ ھاللاردا تالىشىش، ئەستايىدىل قاراش ۋە شۇ يولدا تەدبىرلىك بولۇشتىن ئىبارەت بىر قاتار سەزگۈرلۈك ۋە ھەرىكەت جەريانىغا باغلىق بولىدۇ.

3. بىپەرۋالىق خاھىشىنى تىرىشىپ تۈگىتىش ۋە يېڭىلاش كېرەك.

4. روھ ۋە ھەرىكەتتە سەمىمىي، قىزغىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىپ يول ئېچىش كېرەك.

قايسى ئىشنى قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، قىلغان ئىشىمىزدا ئەستايىدىل بولۇشىمىز ناھايىتى زۆرۈر. بولۇپمۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىش جەريانىدا قولغا كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك، يۇقىرىدىكى ساۋاق بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن يامان تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كەسىپ ۋە خىزمەتتىكى بىپەرۋالىق ئادەمگە تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. كىم بولسۇن، بۇ نۇقتىنى تونۇشى، چۈشىنىشى، ھەر ۋاقىت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى زۆرۈر.

# قېيداش ۋە ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ بەربات بولۇش

– خىزمەتدىشىمىز نۇراخۇن بۈگۈن قازا قىپتۇ.
– تۈنۈگۈن سىلەر يوقلاپ كىرگەندە ئەھۋالى ناچارمىدى؟
– ياق، ئۇ تېخى ھېلىقى گ خانىمغا چاقچاق قىلىپ: مۇشۇنداق قىزلارنى كۆرسەم، يۈرىكىم ياشىرىپ كېتىدۇ، دېۋىدى، گ خانىم: «ساقايغاندا دېسىلىمۇ كېچىكمەيلا؟» دېدى، ئۇ: «مەن ساقايغاندا سىلى قېرىپ كېتىلا!» دەپ چاقچاق قىلىپ كەتكەنىدى.

ئايالىمنىڭ بۇ خىزمەتدىشىنى مەن خېلى بۇرۇندىن تونۇيتتىم. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالام - سەھەتىمىزمۇ بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سالاملىرىم شۇنچىلىك قىزغىن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قايتىدىغان جاۋاب سوۇس ۋە يوق دېيەرلىك بولغانىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، ئىناۋەت تاپقان ۋە ئىناۋەتلىك ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ قالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ كىشىلەردىن ئېرىشكىنى «پوداقچى» دېگەن لەقەم بولسا، باشلىقتىن ئېرىشكىنى ئالاھىدە خىزمەتچى، يۈگۈر - يېتىمچى بولغانىدى، ھېلىقى باشلىق يۆتكىلىپ كېتىدىغان چاغدا، ئۇ بىچارىگە ئەمەلىنىڭ ئۇچىدىن ئازراقمۇ تۇتقۇزۇپ قويمىدى. شۇ چاغدا باشلىقنى غاجاپ يۈرگەن كىشىلەردىن بىر قىسمىلارغا ئۇ يەر، بۇ يەرنىڭ ھوقۇقى تېگىپمۇ قالدى. ھېلىقى باشلىقمۇ ئۇلارنىڭ دارۋاڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق

قىلدى. يېنىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن، ھەر ھالدا ئاز - تولا ئىقتىدارى بار بۇ ئادەمگە ھېچ نەرسىنى تۇتقۇزمىدى. ئۇ باشلىق كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئەمەل تەگكەنلەرنىڭ تۈكى تەتۈر قوپۇپ، نۇراخۇننىڭ ئەينى چاغدىكى تەكەببۇرلۇقى، مەمەندالىقىنى بۇرنىدىن بۇلاق چىقىرىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇمۇ ئۆزىنى كارامەت ئادەم ساناپ، باشقىلارغا خېلى ھۆرت - پۆرت دېگەن، كىملەرنىدۇر كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىغان. كۈنلەر شۇنداق ئۆتمۈۋەرمەيدىكەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. ئەينى چاغدا گەدەنكەشلىك قىلىپ يۈرگەن نۇراخۇن مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قۇربانلىق قويىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشتى، ئەمما ئۇ دەردىنى كىمدىن ئالىدۇ؟ ھېلىقى باشلىق سورۇن - سورۇنلارغا باشلاپ بېرىپ ھاراققا خېلىلا ئۆگىتىپ قويغان ئىكەن، ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى ھاراق ئىچىپ چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى. نۇراخۇن بەزىدە كۈن - كۈنلەپ ھاراق ئىچىپ دەردىنى چىقارسا، بەزىدە كۈنبويى مەست يېتىپ ئىشقا چىقمايدىغان بولۇۋالغان. بۇ ھېلىقىلار ئۈچۈن ئوبدانلا دەستەك بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئىش ئورنىنى تۆۋەنلەتتى، بۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھار كەلدى، ئۇ باشلىقلارنى تىللاپ، مۇشت ئېتىپ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۆيىگە مەست كىرىپ مەستلىكتە ئاچچىقىنى خوتۇنىدىن ، بالىلىرىدىن چىقاردى. ھەتتاكى خوتۇنىنى تەكرار ئۇرۇپ، قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇردى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ قاتىل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى بالا بىلەن خوتۇنىنى ئاجراشتۇرىۋەتتى. ئۇ تېخىمۇ بىچارە بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ھاراق بىلەن ئۆلپەت بولۇپ ئىشقا كەلمەي ئىشتىن ھەيدەلدى. بارا - بارا كوچىدا تاشلاندۇق بولۇپ قالدى، كېيىن تاماقسىز، ناشتىسىز ھاراق ئىچىدىغان، ھاراق ئىچمىسە، تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككى يىلغا بارمايلا، جىگىرى قېتىپ، بىر يىلدەك داۋالىنىپ ساقىيالماي ئۇ ئالەمگە مەڭگۈلۈك سەپەر قىلدى.

بۇ بىرلا ئادەمنىڭ كەچمىشى ئەمەس. بىزدە مۇشۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ نابۇت بولغانلار ۋە قازا قىلغانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەب، باشقىلاردىن جەمئىيەتتىن ئاغرىنىشتەك بىنورمال تۇرمۇش پىسخىكىسىنىڭ بولغانلىقىدا! مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىر ئادەمگە نىسبەتەن مۇشۇنداق قىلىش، ئۆزىنى مەجبۇري چېكىندۇرۇشتۇر. تۇرمۇشتا ئادەم ئۇچۇن ئاغرىنىدىغان ئىشلار بەك كۆپ. بىراق، ئاغرىنىش بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ئىنتايىن بىچارىلىك. بىز بىلگەن مۇشۇ خىل ۋەقەلەر ئىچىدە ھوقۇق - مەنپەئەت ئۇستۇنلۇكى تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئەقىدىسىنى بەربات قىلىش·ھادىسىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇلار بۇ خىل ناچار ۋە ناتوغرا رىقابەت ئۇسۇلىغا ئوت ئېچىپ زەربە بەرمەستىن، بەلكى، ئىچ پۇشۇقىنى ھاراق ۋە باشقا تۈردىكى نامۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن چىقىرىشنى تاللىدى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق روھىي، جىسمانىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، بەربات بولۇش يولىغا قەدەم قويىدى. لېكىن، مۇشۇ خىل ناچار ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يېڭى ھايات يولىغا قايتىدىن ماڭغانلار بەك ئاز. مەيلى قايسى خىل ئىش بولسۇن، ئۇ بىزگە سىگنال بولىدۇ.

### تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئەمەلىي، جانلىق، دوستانە بولۇش كېرەك. ئەدەپ ۋە ھايانى، ئۆزىنى بىلىدىغان بولۇش، زورۇقۇپ ئىشنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. نۇراخۇن مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارغا سەل قارىغان، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ھېلىقى باشلىققا زىيادە يېقىنلىشىۋالغان، كەلگۈسىنى ئالدىن يېتەرلىك، توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن. ئۇ ھېلىقى باشلىققا يېقىنلاشقاندا ئۆزىگە بەك تەمەننا قويۇپ كەتكەن. باشلىق بولسا، ھەممە ئابرۇيلۇقلار سەھنىسىدە چولپان بولۇپ تۇرىمەن، دەپ ئويلىغان.

خۇشامەت بىلەن تەخسىكەشلىكنى ئاشۇ ئابرۇينى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، ئىزچىل ساقلاشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلىۋالغان. ھوقۇقنىڭ بىر مەزگىللىك، ۋاقىتلىق ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەنلىكىگە نەزەر سالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن روھىي ھەرىكىتىنى ئۆزى سەزمىگەن ھالدا قويۇۋەتكەن.

1. بۇنداق ئىشتا زىيادە خۇشامەتچىلىكتىن ساقلىنىش، ھۆرمەت بىلەن ئىززەت قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

2. تەمە قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئىقتىدارىغا تايىنىش، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تىكلەش كېرەك.

3. باشلىق بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، مۇناسىۋەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش كېرەك. بىردە قېتىۋېلىش، تەكەببۇرلۇق قىلىش، بىردە خۇشامەتچىلىك، بىردە تەخسىكەشلىك قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالماسلىق كېرەك.

4. ھادىسىگە يولۇققاندا ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە قاراپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، توغرا مۇئامىلىدە بولۇش، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك.

5. بۇرۇن يۇقتۇرۇۋالغان ناچار ئادەتلەر ۋە ئىللەتلەرنى تەدرىجىي تاشلايدىغان روھ ۋە ئەمەلىي قىزغىنلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بىردىنلا كەيپ - ساپا بىلەن چۈشكۈنلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش. ئۇنىڭدىن تولۇق ئادا - جۇدا بولۇپ، يېڭىچە روھ، يېڭىچە تۇيغۇدا تۇرمۇشقا يۈزلىنىش كېرەك. بۇ ئۆزىنى دوغا تىكىپ، ھاياتىنى نابۇت قىلىشتەك قەبىھ قىلمىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، بىخەتەر، ساغلام ياشاشقا ئاساس سالىدۇ.

# تەنە گەپ ۋە گەپتە قويۇلۇپ كېتىش

بەزى ئادەملەر ھەقىقەتەن گەپتان كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بەزىدە گەپ بىلەن نۇرغۇن ئادەمنى يېگىپ، ئۇسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بەزىدە، گەپنى بەك ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋەت - ئوبرازىنى چۈشۈرۈۋالىدۇ. بۇنداق ئادەملەر تولا چاغلاردا باشقىلارنى مازاق قىلىشقا خۇشتارلىقى بىلەن گەپ كوچىلاپ، گەپ توقۇپ، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلىتىدۇ. بۇنداق ئادەمنى بىمەنە ئادەم دېسەك، بۇنداق قىلىقنى چاكىنىلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. كىشىنىڭ زىتىغا تېگىش ۋە يېغىرىنى كوچىلاش كىشىلىك ئەخلاققا يات، شۇنداقلا ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ بىردە چاقچاق تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. بۇنداق چاغدا تولا ھاللاردا ئادەملەر ئۇنى چاقچاق دەپ قاراپ، كۈلۈش ۋە گەپكە گەپ قايتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئادەتتىكى ئەھۋالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولىدۇ. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندە ياكى مەلۇم سورۇندا شۇ تېما قايتا تەكرارلىنىپ، شۇ كىشىنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەندە، بىردىنلا نارازىلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ، ئارىلىقتا زىددىيەت كېلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. بەزىلەر دەل ئاشۇنداق سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، رەسمىي رەۋىشتە ئاچچىقى كېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىدۇ - دە، سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، بەزىدە ئايرىم كىشىلەر ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالمايدۇ ھەمدە كىمدۇر بىرسىگە قاراتمىلىقى بولغان گەپنى قىلىپ، كۈلكە قوزغايدۇ، ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقى كەلسە، ئۇنى چىدىماس دەيدۇ،

ئاچچىقى كەلمىسە، مازاق قىلىدۇ. گەپتە سوقۇپ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بەزىدە قارشى تەرەپكە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پاس چىقىرىپ گەپتە يېڭىلىدۇ ـ دە، يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا تۆمۈر ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ بىر ئوغلىنى ماشىنا سوقۇپ قازا قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى تەرەپتىن تۆلەم پۇلى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. سوتتىن ھۆكۈم چىققان بولسىمۇ، ئىجرا تولۇق بولمىغان، ئېلىپ بېرىشكە تېگىشلىك 68 مىڭ يۈەن پۇلدىن پەقەت ئۈچ يىلدا، ئۈچ قېتىمدا توققۇز مىڭ يۈەن ئېلىپ بېرىلگەن. بۇنداق بولۇشىدا قارشى تەرەپ بىلەن ئىجرا قىلغۇچى يېقىن تونۇش ئىكەن. بىر كۈنى ئىجرا قىلغۇچى تۆمۈرگە:

— ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى يوقكەن، نېمىسىنى ئېلىپ بېرىمەن، ھە، نېمىسىنى؟ — دەپ ۋارقىرايدۇ.

— ماڭا سوتتا بۇيرۇلغان پۇلنى ئېلىپ بەرسىڭىز بولىدۇ، ئۇكام، — دەيدۇ تۆمۈر كەمتەرلىك بىلەن ئىجرا قىلغۇچىنىڭ يامان كەيپىياتىنى نەزەرگە ئېلىپ، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم بۇ ئادەم بىلەن تىركىشىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— پۇل بولمىسا نېمىنى ئېلىپ بېرىمەن؟ چېتىدا ھېلىقى بىر نېمىسى باركەن، شۇنى ئېلىپ بېرەيمۇ؟

— سوت مەھكىمىسى ماڭا جاۋابكارنىڭ چېتىدىكى بىر نەرسىنى بۇيرۇمىغان، پۇل بۇيرۇغان. ماڭا پۇل لازىم، ئۇكام ، — تۆمۈر تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، — سىزگە ئۇنداق نەرسە لازىم بولسا، ئېنىقلاپ كۆرگەن بولسىڭىز، سىز ئېلىپ كېتىڭ. ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، سىزگە لازىم بولمىسا، ئۇنى خوتۇنىڭىزغا ھەمراھ قىلىپ قويۇڭ!...

— قانداق ئادەم سەن؟

— مەن مانا مۇشۇنداق كاللام جايىدا ئادەممەن، سەن

ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئۆزۈڭدىن سوراپ باق. ئاندىن مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنىڭ جاۋابىنى تاپىسەن!

دېمەك، ھېلىقى ئىجراچى ئۆزىنى شۇ قەدەر رەسۋا ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. گەپ ئارقىلىق باشقىلارنى بابلايمەن دەپ، ئۆزى بابلىنىپ قالغان.

كونىلاردا: «ياخشى سۆز دىلغا ھۇزۇر، يامان سۆز ئىشنى بۇزۇر»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەندەك بۈيۈك ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان. ياخشى سۆز، ياخشى خۇلق - مىجەزلىك كىشىلەر يېقىشلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازى، ئىززەت - ھۆرمىتى شۇنچىلىك چوڭ ۋە قەدىرلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، كىشىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ. گەرچە بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى سۆزىدىكى يېقىملىقلىقى بىلەنلا بارلىققا كېلىپ كەتمىسىمۇ، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قەدىر - قىممىتىنى يارىتىشتىكى ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى «بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزى يوقمۇ؟» دېگەن ماقالىمىز بار، بۇغداي سۆزلۈك ئادەمگە قارىتا ھۆرمەت قوزغالماي قالمايدۇ.

بىر نەرسە ئېنىقكى، ياخشى سۆزنىڭ تارقىلىشى كىشىلەر قەلبىدە بولىدۇ، يامان سۆزنىڭ تارقىلىشى ياخشى سۆزگە قارىغاندا تېز بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىلىدا، تىلىدا، ئۆتكۈر مەسخىرىسى ئاستىدا بولىدۇ. ياخشى سۆز بىلەن يامان سۆزنىڭ پەرقى مانا بۇ يەردە ئۆزىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىدۇ.

گەپ - سۆزنىڭ ناچارلىششى، چاكىنىلىقى بىر خىل مەدەنىيەت جەھەتتە چېكىنىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇلغانغان بۇنداق يۇمۇرلارنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى، يېشى ۋە سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان چاكىنىلىقى بىلەن ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ ۋە ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئارىسىغا ئاز بولمىغان بولمىغۇر سۆز - ئىبارىلەرنى سىڭدۈرۈپ، نۇرغۇن

كىشىلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى، گەپ - سۆزى ۋە ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئاشۇ سىپىق يۇمۇرلار ئولتۇرۇش، چاي، زىياپەت، توي - تۆكۈن سورۇنلىرىنىڭ «يېڭى مەدەنىيەت ئامىلى» نىڭ كۆلكە خورۇچى بولۇپ يامرىماقتا. بۇ دەسلەپ پېشقەدەملەر ئارىسىدا، كېيىن ياشلار ئارىسىدا، بارا - بارا قىز - ئايال ۋە چوكانلىرىمىز ئارىسىدا، ھەتتا بالىلىرىمىز ئارىسىدا يامراشقا باشلىدى. مانا مۇشۇنداق يامراش ھەتتا بىزنىڭ ياخشى ھەم پاساھەتلىك گەپ - سۆزلىرىمىز، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىمىزنى بۇزۇپ، ساغلام سۆز بايلىقىمىزنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، سۆز سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان شېئىر - قوشاقلىرىمىزدىمۇ ساغلام بولمىغان شېئىر - قوشاقلار پەيدا بولۇپ، شېئىرىيەت بوستانلىقىمىزنى زەھەرلىمەكتە. ئۇلار زادى قانداق ئادەمدۇ؟ ساغلام روھىي ھالەت، ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلغان مىللەتلەردە يامان سۆز - ئىبارىلەر ئاز بولىدۇ. بىز نېمىشقا شۇنداق قىلالمايمىز؟ ئاشۇ ئەھمىيىتى يوق گەپلەرنىڭ ئورنىغا ئەھمىيەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى قىلساق نېمىشقا بولمايدۇ؟

قەشقەردىكى داڭلىق جامائەت ئەربابى، تارىخچى، ئالىم مۇھەممەت ئوسمان ھاجى 2000 - يىللاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى باغ - باراڭلىق ھويلىسىدا يىلدا بىر، ئىككى قېتىم سورۇن ھازىرلاپ، قەشقەردىكى ئالىم - ئۆلىمالارنى يىغىپ، بىلىم، ئەخلاق، تەرەققىيات ھەققىدە سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. شۇ چاغدا سورۇنغا كەلگەن بىر قىسىم مەدداھلار بولمىغۇر يۇمۇر ئوقۇغاندا، دەرھال توسۇپ، بۇنداق يۇمۇرلارنى ئوقۇماسلىق ھەققىدە تەلەپ، ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ، سورۇن ئەھلىنى ناھايىتى قايىل قىلغان.

ئەگەر ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بۇنداق بولمىغۇر يۇمۇر ۋە گەپ - سۆزلەر يەنە داۋاملاشسا، بىزنىڭ سۆز بايلىقلىرىمىز چېكىنىپ ۋەيران بولماي قالمايدۇ.

## تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

1. سىز سىپسىق يۇمۇر ئوقۇش ۋە توقۇشقا ماھىر بولسىڭىز، قايتا ئويلىنىپ بېقىڭ! ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ جاۋابىنى بېرىپ بېقىڭ!

2. سىپسىق يۇمۇر ۋە گەپ - سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ، قىلغانلارنى ئامالىڭىزنىڭ بارىچە توسۇڭ.

3. يۇمۇر ۋە تەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ قالسىڭىز، «تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار» دېگەندەك، باشقىلارنىڭمۇ سىزدىن ئۆتكۈر گەپ قىلالايدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ.

# غۇلاچنى كۆزلەپ غېرىچتىن
# قۇرۇق قېلىش

بىر دوستۇم قېيىنئىنىسىنىڭ تويىغا جابدۇنۇۋاتقانلىقىنى، شۇ تويىنى ئوڭۇشلۇق قىلىۋالسا، تولىمۇ خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى، شۇ خۇشاللىق سەۋەبىدىن قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە قىز سوراش، مەسلىھەت چېيى دېگەنلەر ئۈچۈن 12 مىڭ يۈەنلىك ماددىي بۇيۇم، ھەتتا ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— تويلۇققا نەچچە پۇل بېرىشنى پۈتۈشكەن؟ — دېۋىدىم، ئۇ:

— نىمە دەيدىغاندۇ، تېخى ئۇ گەپ يوق، تويلۇقنى كېيىن دېيىشىۋالىمىز دېيىشىپ يۈرۈشىدۇ، — دېدى بىر خىل نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن.

— ئىككى ئائىلە يېقىن دوستلاردىن ئىكەن - دە — دېدىم مەن.

— ۋاييەي، ئۇلار ئەزەلدىن تونۇشمايدۇ. قىزچاق دوختۇر، 29 ياشقا كىرگەن، قېرىپ قالاي دېگەن ماگىستىر. مانا مۇشۇلا، قېيىنئاتامنىڭ تەلىپى: «كېلىن بالىمىز ئالىي دەرىجىلىك دوختۇر بولسۇن» دېگەنىدى، ئۇلارمۇ يامانكەن، قىزىمىز قۇدىلارنىڭ ئۆلچىمىگە توشىدىكەن دەپلا، قېيىنئاتامنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغان گەپ دەڭا؟

— ئۇنداق بولسا پۇلغا چىدايلى، ئۇنى شۇنچە يىل ئوقۇتقان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلايلى، قىزنىڭ ماگىستىرلىق دەرىجىسىگە ھۆرمەت قىلايلى، دەپتۇ تېخى!

— بىلمىدىم، تويغا، ئاش سۈيىگە نەچچە پۇل بېرىشنى

ئويلىشىۋاتىسىلەر؟

— شۇ تاپتا باشىنىڭ ئىچى - تېشى قاتتىق دەڭگا. بىز يەنە 20 مىڭنى بەرسەك بولارمىكىن دەۋاتىمىز، ئۇلار نېمە دەركىن...

دېمىسىمۇ 20 مىڭ، 12 مىڭ يۈەن دېگەن پۇللارمۇ ئاز ئەمەس، خېلى كۆپ پۇل، بىراق يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئىناۋىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنى قىلىپ، مەيلى دېسە، ئۇ چاغدا 32 مىڭ يۈەن پۇلمۇ كارايىتى چاغلىق پۇل بولۇپ قالىدۇ. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ ھەقىقەتەن ئاز پۇل ئەمەستە! بىر قارىسا، ئادەمنىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كېلىدۇ، بىر تويغا 32 مىڭ يۈەننى ئىسراپ قىلىۋەتسە، ئۇلار كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانچە پۇل بىلەن تۇتىدىغاندۇ، ئۆي سېتىۋالامدۇ، ئۆي بېزىمەمدۇ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئالامدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى نورمال يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلمامدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلى بولسىمۇ، ئۇنى جايىدا، مۇۋاپىق ئىشلىتىش؛ بۇزۇپ، ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. يىگىت تەرەپ چەك قويمىسا، قىز تەرەپ ئۆزىنى سورىمىسا، بەرسە ئېلىۋەرسە، ياق دېمىسە، ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ ئۇ توي بولماي، باشقا نەرسە بولۇپ قالامدۇ - قانداق؟

شۇنداق، توي دېسە، ھەممە ئادەم بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ: تويدا شادلىق، بەخت، ۋىسال تېپىش، مەڭگۈلۈك بىر جۈپ بولۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئۇ كىشىگە ھايات لەززىتى، تۇرمۇش پاراغىتى بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا توي ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئۇ ئاشۇ بىرلا قېتىم كېلىش بىلەن مەڭگۈلۈك بەخت، سائادەت، ئاسايىش، كۆيۈنۈش، شادلىق ئاتا قىلىدۇ. ھالبۇكى بەزىلەرگە ئۇ بىرنەچچە قېتىم كېلىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ بەختسىزلىكى، ئۇنىڭغا يۈز ئاچقان تەكرار توي قىلىش ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۆزى ئويلىمىغان غەلىيان ۋە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق تەكرار توي ئادەمگە ئۆزى ئويلىغان

تاسادىپىي ھاياتلەززىتىنى، تۇرمۇش بەختىنى بېرەلمىسە، ئۇنىڭغا كېلىدىغىنى ئامەت بولۇپ كەتمەيدۇ.

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ تويغا بۇنچىلىك كۆچەپ كېتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. تويىنىڭ چىقىمى قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان بېسىمىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بىر بۆلۈك ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن، يەنە بىر بۆلۈك ئادەم قۇربان بېرىدۇ، يەنى بىر تەرەپنىڭ خۇشاللىقى، رازىمەنلىكى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپ نۇرغۇن ئىقتىسادىنى ئىسراپ قىلىدۇ. رازى بولغۇچى دانا بولسا، ئىسراپ قىلغۇچىنى رازى قىلىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئازابقا سالىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. ئىسراپ قىلغۇچى دانا بولسا، رازى قىلغۇچىسىنى يامان سەنەمگە دەسسەتمەيدۇ، بەلكى بەلگىلىك مىقدار ۋە چەك ئىچىدە كونترول قىلىپ، تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، تەڭ رازى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئورتاق بەھرىلىنىش ئىشقا ئاشمايدىكەن، ئېنىقكى، باشقا تەرەپتىن دەز كېتىدۇ.

توي ئىسمىدىنلا تويۇنۇش، تويۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىراق تويىنى ۋاستە قىلىپ تويۇۋالغىلى بولمايدۇ. تويىمەن دەيدىكەنسىز، ھېرىپ قالىسىز، ئۇنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىگە مەڭگۈ يېتەلمەيسىز. چۈنكى «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار» دېگەن ھېكمەتكە ئەمەل قىلىش كېرەك. توي قىلىش ئۈچۈن تويۇپ تۇرۇپ تويغا تۇتۇش قىلىش كېرەك. تويۇنماي تۇرۇپ تويغا تۇتۇش قىلىش ئاچ كۆزلۈكنى پەيدا قىلىدۇ ـ دە، توي توي بولماي قالىدۇ.

20 كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تويىنى سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

ـ ھەي، نېمە دەي؟ قېيىنئاتام مەيلى قانچە پۇل كەتسە كەتسۇن، بۇ تويىنى قىلغىنىم قىلغان دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. قىز

تەرەپ قىزىمىزنى 20 يىلدەك ئوقۇتتۇق، 300 ~ 400 مىڭ يۈەن كەتتى، مانا ئەمدى قەشقەردىكى داڭلىق دوختۇرخانىدا دوختۇر بولدى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان گۇۋاھنامىسى بار دوختۇر قەشقەردە تېخى يوق، ئىش ھەققى ئايدا 3 ~ 4 مىڭ يۈەن، مۇكاپاتى 2 ~ 3 مىڭ يۈەن دەپ كوتۇلداپ يۈرۈپ، 50 مىڭ يۈەن تويلۇق سالدى. كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ ئىنساپسىزلىقنى؟! نېمە دەيسىز ئەمدى!؟...

بالىنى ئوقۇتۇش كېرەك، ئۇنىڭغا قانچە پۇل كەتسىمۇ مىننەت قىلىشقا بولمايدۇ. بالا ياراملىق بولسا، خەجلىگەن پۇلىمىزغا لايىق ھاردۇقىمىز چىقىدۇ. ھالبۇكى، تويلۇق پۇل بىلەن بالىنىڭ ئوقۇشىغا كەتكەن پۇلنى تىرىلدۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟ شۇنداق قىلىش ئەدەپ - ئەخلاققا ئۇيغۇن ئىشمۇ؟ مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە. ئوقۇش چىقىملىرىنى تويلۇق بەرگۈچىدىن تىرىلدۇرۇۋېلىش نومۇس ئىش تۇيۇلمىسا، ئۇنداقتا ئوغۇلنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كىمدىن تىرىلدۇرۇش كېرەك؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پەرزەنتنى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق قىلىش ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى، توي ئىشى بولسا ئاتا - ئانىنىڭ يەنە بىر ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. بۇ مەجبۇرىيەتنى ۋاستە قىلىپ باشقىلاردىن ئۇندۇرۇۋېلىش ئەخلاققا خىلاپ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئەسلىدىكى قائىدىلەرگە يات قاراشلار، پەتىۋالار چىقىپ تەسىرى بەكمۇ يامان بولۇۋاتىدۇ. دوستۇمنىڭ دېيىشىچە قېيىنئاتىسى ئىلگىرىكىدىن سەل بوشاپ قاپتۇ، قېيىنئانىسى ئوغلۇم ئۇنىڭدىن ئۈچ ياش كىچىك تۇرسا، ئۆزىدىن كىچىك قىزدىن بىرنى ئېلىپ بېرەيلى دېگەن ئويغا كەپتۇ. بىراق، ھېلىقى ئوغۇل مەن ئاشۇ قىزنى ئالىمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇنى كۆرگەن قىز تەرەپ قارشى تەرەپكە تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا ئۇلار 12 مىڭ يۈەننى خەجلەپ بولدى، ئەمدى ئارقىسىغا يانالمايدۇ دەپ ئېيتىشۋاپتۇ. كېيىن ئوغۇل تەرەپ جىم

تۇرۇۋېلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلارمۇ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، يىگىت تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەمما ئوغۇل تەرەپ يەنە جىم بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئامالسىز ئۇلارنى يۇمشاتقىلى ئادەم قويۇپتۇ. لېكىن ئۇمۇ كار قىلماپتۇ. قىزنىڭ توي قىلىشى ھەققىدىكى داۋراڭ، پاراڭلىرى ھەممە يەرگە پۇر كېتىپتۇ. قىز تېزراق توي قىلىپ ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ئويلاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان. ئۇنىڭچە بۇ توينى ئاتا - ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاددىي - ساددا قىلىپ، مەسىلىلەرنى چىگىش قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئىكەن. بىراق ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭ ئويىنى بەربات قىلىپ، ئۇنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشنىڭ غېمىدە بولىدۇ. قىز ئاتا - ئانىسىغا تاپا - تەنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ھوشىنى تېپىپ، قەدەمنى قايتا ئېلىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا يىگىتنىڭ ئانىسى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزنىڭ ئانىسى تازا پايپېتەك بولۇپ، پۈتۈن قوي گۆشى، دەستە نان، گېزەكنى ئېلىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا خوشامەت قىلىدى. ئۇلارنىڭ 50 مىڭ يۈەن تەلەپ قىلىش كەيپىياتى، سىلەر نېمە دېسەڭلار شۇ بولسۇنغا چۈشۈپتۇ، يىگىت تەرەپنىڭ ئېلىپ بارغان 12 مىڭ يۈەنلىك بۇيۇمى ھېساب بولۇپتۇ. ئەسلىدە باشتىلا شۇنداق بولغان بولسا، ئۇ ھالدا نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولار ئىدى - ھە!

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

دوستلار، توي ئىشى ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىشقا ئېشىشى توينى ۋاستە قىلىپ، مەنپەئەت ئېلىش كويىدا بولماسلىق، ھەقىقىي توي تەڭ قىممەتلىك ئالماشتۇرۇش، تولۇق رازى بولۇش، بىرىكىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، تويدا تەڭ - باراۋەرلىك قىممىتى ئىشقا

ئاشمىسا، ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىدۇ. ھازىر جەمئىيەت
ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇش باي - باياشاتلىققا
تولماقتا. بىراق مەيلى قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەر
قاچان مۇۋاپىق توي تەلىپى، مۇۋاپىق توي سېلىقى قويۇشنى
ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئاشۇرۇۋېتىلگەندە،
ئىككىنچى بىر خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ، تۇرمۇشقا
زىددىيەت ئۇرۇقى چاچماي قالمايدۇ. شۇڭا ئىككىلا تەرەپ بىر -
بىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، بار مەسلىھەت بىلەن ئىش
قىلىش، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ۋە كېلەچەك بەختى
ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇۋاپىق يول بىلەن توي ئىشىنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر. كىمىكى تويدىن
پايدىلىنىپ، باشقىلارنى قويىمەن دەيدىكەن، ئۆزى قويۇلۇپ
كېتىدۇ. يۇقىرىدىكى قىزچاقنىڭ ۋەقەسىدە قىزچاقنىڭ ئەڭ
ئاخىرى تاشلىنىپ قېلىشىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى
قويۇۋېتىشىدىن بولغان پاجىئەدۇر!

# كىچىك ئىشتا ئېھتىيات قىلىپ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش

سىز مەيلى قايسى بىر رېمونتچىنىڭ ئالدىغا بېرىڭ، نۇرغۇن موتوسىكلىت، ۋېلىسىپىت، ماشىنا ۋە تىراكتور ئىگىلىرىنىڭ كىچىككىنە كاشىلىغا سەل قاراپ، چوڭ چاتاق چىقىش سەۋەبىدىن رېمونتچىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى كۆرىسىز. كىچىك ئىشلارغا سەل قاراش چوڭ كاشىلا چىقىپ، كۆپ پۇل خەجلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق، ئەستايىدىللىقى يېتەرسىز كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىش، خالاس!

## ئالدىرىغان يولدا قالار

كۆزۈمگە بىر ئىش چېلىقىپ قالدى، كېيىن ئويلاندىمكى، «ئادەم قايسى ئىشنى ئويلىسا، شۇ ئىشنى چۈشەيدۇ» دېگەندەك، ئويلىغان ئىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ قالغاچقىمۇ ئادەمگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش، ۋەقە، ھادىسە ئۇچراپ قالىدىكەن ياكى ئادەمنىڭ تۇيغۇسىدا شۇ ئىش بولغاچقا، شۇ نەرسىلەرگە نەزەر سېلىپ قالىدىكەن. مۇنداق بىر ئىش بولدى: ئىدارىمىزنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يېڭىدىن كۆچكەن ئىشخانام تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، توكلۇق ۋېلىسىپىت مىنگەن بىر بوۋاي شۇنداق تېز كەلدىكى، ئەتراپتىكىلەر قورققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى. بىراق ھېلىقى بوۋاينىڭ پەرۋايى پەلەكتەك قىلاتتى. ھېلىقى بوۋاي نەچچە 100 مېتىر يىراقلىقتىكى ئۆتۈشمە يولغا يېقىنلاپ بارغاندا، ئۇ تەرەپتىن كېلىپ قايتماقچى

بولۇپ بۇرۇلغان كىرا ئاپتوموبىلىغا ئۇرۇلۇپ يىقىلدى. مەن كۆڭلۈم يېرىم ھالدا نەق مەيدانغا تېزلىكتە يېتىپ باردىم. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان چىقىپ، يۈز - كۆز، كىيىم - كېچەكلىرى بۇلغىنىپ كەتكەن ھالدا ھوشىدىن كەتكەنىدى. سەلدىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى دەرھال دوختۇرغا بېرىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالغانىدى. شۇپۇرمۇ دوختۇرغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەسلىدە ئۇ دوختۇرخانىدىكى ئايالىنىڭ خەتەر ئىچىدىكى خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ دوختۇرخانىغا ماڭغانىكەن. بىراق ئۇنىڭ ھېلىقى توكلۇق ۋېلىسىپىتىنىڭ تورمۇزى بۇزۇق بولسىمۇ، ئوڭشىمايلا مىنگەن. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇ كىشى بىرىنچىدىن ئالدىرىماي، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى؛ ئىككىنچىدىن، ۋېلىسىپىتنىڭ تورمۇزىنى ياساپ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم ئىدى.

ئۇ باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى ئازابقا قويىدىغان قاتناش ھادىسىسى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويىدى، يەنى ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتۇپ چىقىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى، ئايالىنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش ئارزۇسى بەربات بولدى ھەم ئۆزىنىڭ تەن - سالامەتلىكىگە تەسىر يەتتى. ئۇ بىردەملىك ئالدىرىدى، بىر ئاز تەخىر قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھازىرقىدەك ھەممىدىن قۇرۇق قالغان بىچارىگە ئايلىنىپ قالماس ئىدى.

بىراق، پۇشايمانغا قاچا يوق ئىدى. بىز دائىم مانا مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز، ۋېلىسىپىت، موتۇسىكلىت، شۇنداقلا بىزگە دائىم لازىم بولىدىغان تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىغا كۆپ ھاللاردا سەل قارايمىز، ھەدېسىلا ئالدىراش ئىش بېجىرىپ، ھەتتاكى ئاشۇرۇۋېتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قارىساق، توغرا، شۇنداق قىلىشىمىز زۆرۈردەك بىلىنىدۇ، بىراق بىز ئۇنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسەك ياكى كىچىك ئىش دەپ سەل قارىساق، ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە

قىلمىساق، ئىنىقلا كۆتمىگەن بىر ياكى بىرنەچچە پاجىئە يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئىشتا ئادەم كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى كىچىك ئىش دەپ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بەزىلەر بۇنداق ئىشلارغا پۇل ۋە زېھىن سەرپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭغا مەبلەغ سېلىشنى، ئىسراپچىلىق، بىھۇدە چىقىم قىلىش، دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە ئاشۇ كىچىك ئىش يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق چوڭ ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشى كىچىك ئىشتىن باشلىنىدۇ، كىچىك ئىش چوڭ ئىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئىشلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

## توك يولىنى رېمونت قىلماسلىق

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن بىر تۇغقىنىم يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، بىرنەچچە يىل ھەيدەپ، خېلى كۆپ پۇللۇق بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭدىن كاشىلا چىقىپ ئارام بەرمەپتۇ. بۇ ئاپتوموبىلنىڭ كاشىلىلىرىنى ئۆزى ئامال قىلىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ قول ئۇچىدىلا ۋاقىتلىق ئوڭشاپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇنىڭ ئاپتوموبىلىنىڭ توك يولىنىڭ ناچارلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ، ئاپتوموبىلنى ئوڭشاپ يولغا چىقىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئەمما ئۇ دائىم ۋاقتىم يوق، ئىشىم ئالدىراش دەپ باھانە كۆرسىتىپ، ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلدۇرماپتۇ. ئەڭ قاملاشمىغان يېرى شۇكى، ئۇ ھەر يىلى يۈك ئاپتوموبىللىرىنى 2 - دەرىجىلىك رېمونت قىلدۇرۇشتىمۇ نازارەتچىلەرگە ئاز - تولا پۇل بېرىش، مېھمان قىلىش بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلىشقا پۇل چىقىرىشقا قورسىقى ئاغرىغان، بىراق ھېلىقىدەك ئۆزىنى ئالدايدىغان ئىشقا پۇل خەجلىسە قورسىقى ئاغرىمىغان. بۇ

ماھىيەتتە ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.
ئەنسىرىگەن پاجىئە ئاخىر يۈز بەردى. ئۇ بىر كۈنى 20 تونىنا
تايلانغان پاختىنى ئېلىپ، مەلۇم ناھىيەدىن قەشقەر شەھىرىگە
ماڭىدۇ. ئاپتوموبىلنىڭ چىرىغى ياخشى يانمىسىمۇ كارى بولماي،
كېچىلەپ يول يۈرىدۇ. كۈتۈلمىگەندە، يول بويىدا توختىتىپ
قويۇلغان تىراكتورغا سوقۇلىدۇ. تىراكتور بىرقانچە ئادەمنى تويغا
ئېلىپ بېرىپ، قايتىپ كېتىۋاتقاندا، مېيى تۈگەپ ئۆچۈپ
قالغان، بىر ئادەم مايغا كەتكەن، قالغان ئۈچ ئادەم تىراكتورنىڭ
كوزوۋىدا يامپاشلىغىنىچە ئولتۇرغانىكەن، ئاپتوموبىلى سوقۇلغاندىن
كېيىن، ھېلىقى ئۈچ ئادەم تىراكتور كوزوۋىدىن قاڭقىپ چىقىپ،
ئېغىر زەخىملەنگەن. ئىككىسى دوختۇرخانىدا قازا قىلغان، بىرسى
پالەچ بولۇپ قالغان. ھېلىقى 20 تونىنا پاختىغا كەلسەك ئۇنىڭغا
ئوت كېتىپ بىر قىسمى كۆيۈپ كەتكەن! مانا مۇشۇ ئىشلار
تۇغقىنىمنى پۈتۈن مال - مۈلكىدىن ئايرىپ ۋەيران قىلدى.
بولغان زىياننى قايتۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئائىلىسى پۈتۈنلەي
ۋەيران بولغاندىن باشقا يەنە 6 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىقتى.

بۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان شوپۇرلار جەمئىيەتتە خېلى كۆپ.
بۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىسىدە توك سايمانلىرى ۋە توك
سىملىرىنى رېمونت قىلىشقا سەل قاراش بىلەنمۇ نۇرغۇن
ئائىلىلەرگە ئوت كېتىپ، ھەر يىلى نەچچە يۈزلىگەن ئادەم توك
سوقۇش سەۋەبلىك جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق
مىساللار ناھايىتى كۆپ.

كونىلار: «سۇ بىلەن ئوت مۇشۇ ئالەمدىكى ئەزرائىل» دەپ
توغرا ئېيتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مەنبەسى باشقا - باشقا بولسىمۇ
كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى تولىمۇ تۇيۇقسىز، يوشۇرۇن، تولىمۇ
ئېغىر ۋە ھېسابسىز بولىدۇ. شۇڭا ئەستايىدىل بولۇش كېرەك.
مەيلى ئاپتوموبىل بولسۇن، مەيلى موتوسىكلىت بولسۇن، مەيلى
ئۆيدىكى يورۇتۇش، ئىسسىتىش، قىزىتىش ئۈسكۈنىلىرى بولسۇن،
يېقىلغۇ بولسۇن، ھەممىسىدە ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىدىغان

ئامىللارنى ئەڭ ئاۋۋال نەزەرگە ئېلىش، ئۇنى رېمونت قىلىش، لاياقەتلىك ئۈسكۈنىلەرگە ئالماشتۇرۇش، يېڭىلاش، ئۇنىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى، ھاياتىي كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## يۇندى سۇلىرىغا سەل قاراش

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى بىر كىشى ئۇبۇلھاشىم قاسىم قايناقنى ئىزدەپ، ئۆي ئىجارە توختامىنى تۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. قايناق ئەپەندى توختامنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يېزىپ بولغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىنچىكە ئويلىنىپ، يەنە بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىنى تەكىتلەپ قويۇشنى ئويلىشىپ قالغان. چۈنكى، ئۇ ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، شۇنداقلا، سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ۋەكىلى بولۇپ، توختام قانۇنىدىن خەۋىرى بولۇش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ توختام ماجىرالىرىغا كۆپ قېتىم ئارىلاشقان ۋە مەسلىھەت بەرگەن تەجرىبىسى بار كىشى ئىدى. ئۇ ئىجارە ئالغۇچىغا ھېلىقى ئىجارە ئالغان ئۆينىڭ يۇندى يولى، ئىچىملىك سۇ تۇرۇبا يولى، پار يولى، توك يولى، بىنانىڭ ئۇپراش، رېمونت قىلىش ئىشلىرى قاتارلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئېنىق مەزمۇنلارنى قوشۇپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىپ، بۇنىڭ ئادەتتىكى بىخەتەرلىككە ئىجارە ئالغۇچى، چوڭ خېيىم - خەتىرى، يەنى كونىراش سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرگە ئىجارە بەرگۈچى ئىگە بولىدىغان، بىر قەدەر ئەتراپلىق، مۇكەممەل توختام تۈزۈپ بېرىدۇ. توختام بەش يىل تولۇق ئادا بولىدۇ، چوڭ مەسىلىمۇ كېلىپ چىقمايدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى بىنانىڭ ئاستىدىكى يۇندى يولى تۇرۇبىسى يېرىلىپ كېتىدۇ. ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە بەرگۈچىگە كۆپ قېتىم مەلۇم قىلىپ ئوڭشاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىراق، ئىجارە ئالغان ئادەم ئۆزى ياسايدۇ، دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈندىلا بىنانىڭ ھەممە تەرىپىنى يۇندى سۈيى بېسىپ كېتىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، يۇندى يولىنى شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ يۇرۇشتۇرىدۇ ۋە بىنانىڭ بىر تەرىپىگە چاك كېتىدۇ ۋە بىنا ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى ئىجارە ئالغۇچىدىن بىنانى رېمونت قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ توختامدىكى دېيىلگەن سۆزلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار سوتتا دەۋالىشىدۇ. دەۋادا ئىجارە ئالغۇچى ئۇتۇپ، ئۆي ئىگىسى ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. ئاخىر ئۆي ئىگىسى:

— مەن ئەسلىدە يۇندى تېشىپ كېتىشنى ئاددىي ئىش چاغلاپ، بىنانى ئىجارە ئالغان كىشى پايدىلىنىۋاتقان بولغاچقا چىقىپ كەتكەن يۇندىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، دەپ قاراپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەينى چاغدا توختام تۈزگەندە، توختامدىكى بۇنداق ئىشلارنى كىچىك ئىش دەپ قاراپ بەك نەزەر سېلىپ كەتمىگەن ئىدىم، پەقەت ئىجارە ئالغۇچى خۇش بولۇپ قالسا بولىدۇ، ئۇنىڭ ماڭا كەلتۈرىدىغان زىيىنى چوڭ بولمايدۇ، دەپ قارىغان ئىدىم. دەل مەن چاتاق چىقمايدۇ دېگەن كىچىك ئىشتىن چاتاق چىقتى، مانا ئەمدى بىنادىن ئالغان بىرنەچچە يىللىق ئىجارە پۇلى بىلەن بىنانىڭ ئولتۇرۇشقان، يېرىلغان جايلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ھەتتاكى مەن يەنە يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. پۇل تاپىمەن دەپ تاپقان پۇلغا بويلاشمىغۇدەك زىيانغا ئۇچراش بەكمۇ بىمەنىلىك بولىدىكەن! — دەيدۇ.

بۇنداق زىيان تارتىشلارنى بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، قارىسا راستتىنلا بەزى ئىشلارنىڭ خەتىرى يوق، ئەمەلىيەتتە بولسا، شۇنداق كىچىك ئىشلاردا يوشۇرۇن خەتەر مەۋجۇت. مەيلى كىم قانداق ئىش قىلسۇن، شۇ ئىشنىڭ ئەمەلىيىتىنى تولۇق بىلىشى، تونۇشى، چۈشىنىشى، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىگە تولۇق

نەزەر تاشلاپ، كىچىك ھالقىلاردىكى يوچۇقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەي، ئەتراپلىق كۆزىتىش ئاساسىدا ئىش قىلىشى كېرەك، «بىخۇدنى بازار ئوڭلايدۇ، ئۆلۈكنى مازار» دېگەندەك، ئىش چىقمايدۇ، دەپ سەل چاغلاپ، دەل ئىش چىقىدىغان نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە، ئادەم ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مەيلى توختام تۈزەيلى، باشقىچە يول تۇتايلى، چوقۇم ئاقىۋەتىنى ئويلىشىپ ئىش قىلىش كېرەك.

بۇ يەردىكى يۇندى قۇدۇق ۋەقەسىدە ئۆي ئىگىسى تەشەببۇسكار بولۇشى، بارلىق ئامالLAR بىلەن يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىپ زىياننى ئازايتىشى كېرەك، چۈنكى مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىسا، زىيان تارتىدىغان كىشى يەنىلا ئۆي ئىگىسى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ مۈلۈك دەل ئاشۇ كىشىنىڭ مۈلكى، ئۇنى ئۆزى قوغدىمىسا، باشقىلارنىڭ كارى بولمايدۇ. ئۇنىڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى، بۇ ئىشنى كىچىك ئىش دەپ سەل قارىشى زىياننى مۇشۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلار تۆلەيدۇ، دەپ تەمە بىلەن پۇرسەت كۈتۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۆي ئىگىسى قاراپ تۇرماي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى بىلەن ھەمكارلاشسا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ياردەملەشتۈرسە، ئۇ چاغدا مەسىلە ۋاقتىدا، تېز ھەل بولۇپ، زىيان ئاز بولاتتى ھەم توقۇنۇش مۇرەككەپ بولۇپ كەتمەيتتى.

يېقىنقى بىرقانچە يىل داۋامىدا يۇندى يولى كاشىلىسى، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى، توك سىمى ۋە باشقا تۇرمۇش بويۇملىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىدىكى ھادىسىلەرنى تەكرار ئۇچراتتۇق. بۇ ھادىسىلەر ئاساسەن كىچىك ئىش دەپ سەل قاراش بىلەن تېخنىكىلىق ھالەتكە سەل قاراشتىن كېلىپ چىققان.

ئەتراپىمىزدا «تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەش» تەك ئىش قىلىدىغانلار خېلى كۆپ. شۇڭا مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل قاراش، ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر. بولۇپمۇ، توك، سۇ، يۇندى يولى

قۇرۇلۇشنى قىلغاندا ناھايىتى پىلانلىق، ئەتراپلىق قىلىش، ئاز قىلسىمۇ پۇختا، ئۆلچەملىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىكى، پەرۋىشىگە ئەستايىدىل قاراپ تولۇق ئىشلەش، ئالماشتۇرۇش نۆۋىتى كەلگەندە، چوقۇم ئالماشتۇرۇش، رېمونت قىلىپ تۇرۇش كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلىش ھەر تەرەپلىمە قويۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، زىياندىن، زور چىقىمدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلايدۇ.

## بىر تال ئاچقۇچ ۋە بىپەرۋالىق

بىر كۈنى تونۇشۇم ئىشخانامغا تۇغقىنىنى باشلاپ كىرىپ، ئېلىپ قېچىش ۋەقەسىدە زىيانلانغۇچىغا ۋاكالەتچى بولۇپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئالدىراشلىقىمنى نەزەردە تۇتۇپ باشقىلارنى ھاۋالە قىلسامۇ، تونۇشۇم زادىلا قوشۇلمىغاچقا، مەن ئامالسىز ماقۇل بولدۇم.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن: زىيانلانغۇچى يىگىت تاكسى شوپۇرى بولۇپ، بىر كۈنى كېچىدە شەھەر سىرتىدىكى يول بويىغا ماشىنىسىنى توختىتىپ كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ تاكسىنىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق قويغاندىن باشقا، ئاچقۇچىنىمۇ ئالماپتۇ. ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ، ئەمدىلا ئارقىسىغا يانغاندا، توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىسىنىڭ ئوت ئالغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ يولغا چىقىپ قارىسا بىر ياش بالىنىڭ تاكسىنى ھەيدەپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شوپۇر يىگىت ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، ھەتتا تاكسىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلىپ سۆرەلگەن بولسىمۇ، تاكسىنىڭ سۈرئىتى ئېشىش بىلەن قولى ئاجراپ چىقىپ كېتىپ يىقىلىپ كېتىپتۇ. شوپۇر يىگىت دېلو مەلۇم قىلىپ يولدا كېتىۋاتقان تاكسىنى توسۇپ، ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئۈچ كىلومېتىر قوغلاپ تاكسىغا يېتىشىپتۇ، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ،

ئۇنى يول ياقىسىغا توختاتاشقا قىستاپتۇ. شۇ چاغدا ئېلىپ قاچقۇچى تەمتىرەپ كېتىپ تاكسى بىلەنلا ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپ، تاكسىنى بىر تۈپ تېرەككە ئۇرۇپ ۋەيران بوپتۇ، قاچقۇننىڭ ئۆزى يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇپتۇ.

شوپۇر يىگىت نۇرغۇن جەريانلاردىن كېيىن، تاكسىنى ج خ قاتناش ساقچىلىرى ئەترىتىدىن ئېلىپ چىقىپ رېمونتخانىدا رېمونت قىلدۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى - ئاخىر شوپۇرنىڭ ئەمەلىي چىقىمى 27 مىڭ 971 يۈەن بوپتۇ، شوپۇر يىگىت بۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ ئاخىرىدا ئېلىپ قاچقۇچى تۆلەيدۇ، دېگەن جاۋابقا ئېرىشىپتۇ. ئەينى چاغدا زىيانلىرىڭنى ئېلىپ بېرىمىز دېگەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن، ئۆزۈڭ ئېلىۋال ياكى سوتتا دەۋالاش دەپ، ئۇنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى يوق قىپتۇ. دېمىسىمۇ، شوپۇر يىگىت بەك ساددا بولغاچقا، ئۇ ھېلىقى ئادەملەرنى ھەممە ئىشنى قىلىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىپتۇ، يەنى بىر قىسىم پۇلنى كىملەرگىدۇر خەجلەپتۇ.

كېيىن سوت ئارقىلىق دەۋالاشتى. جاۋابكار ئېلىپ قېچىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. شوپۇر يىگىت ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلدى. جاۋابكارغا مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، زىيانلانغۇچىغا 26 مىڭ 786 يۈەن تۆلەم بېرىش بۇيرۇلدى. ئەمما بۇمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. سوت داۋامىدا جاۋابكار مۇنداق دېدى: مەن ھاراق ئېچىپ مەست ھالەتتە كېتىۋاتاتتىم، يول بويىدا زىيانلانغۇچىنىڭ تاكسىسى تۇرغان بولۇپ، قارىسام ھەممە نەرسىسى بار ئىكەن، ماشىنا ھەيدەشكە تولىمۇ ھەۋىسىم بار ئىدى، مەستچىلىكتە شۇ ھەۋىسىم قوزغىلىپ، ھەيدەپ كېتىپتىمەن. قانۇندا مەستلەرگىمۇ ئوخشاش جازا بېكىتىلىدۇ، دەيدىغان ماددا بار، بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى. بىراق بۇ يەردىكى مەسىلە پەقەت مەندىلا ئەمەس، شوپۇر ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كەتكەن، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى تولۇق ئېتىپ قويغان

بولسا، مەن مەستچىلىكتە ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ ئىشنى سادىر قىلمىغان بولاتتىم. بۇ ئىشنى سادىر قىلىشىمغا سەۋەب بولغىنى شوپۇرنىڭ بىپەرۋالىق قىلىپ ئاچقۇچنى قويۇپ قويغىنى، شۇڭا شوپۇرغىمۇ مەسئۇلىيەت ئارتىپ، ماڭا بېرىلىدىغان جازانى كەچۈرۈم قىلسا، تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنى تاپقاندا بېرىشكە ھۆكۈم قىلىپ بەرسەڭلار...

بۇ بىر سەزگۈر مەسىلە بولۇپ، جاۋابكارنىڭ بۇ تەلىپى ئېتىراپ قىلىنمىسىمۇ، ئۇ بىزگە بىپەرۋالىقنىڭ زىيانلىرىنى ئەتراپلىق ھېس قىلدۇردى.

«شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس» دېگەندەك سەۋەب ۋە سەۋەنلىك ئادەمنى كۈتمىگەن ئوڭۇشسىزلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ زىيانلانغۇچى سەن مەست بولمىساڭ، ماشىنامنى ئېلىپ قاچمايتتىڭ، دېگەن سەۋەبنى كۆتۈرۈپ چىقسا، جاۋابكار سەن ئاچقۇچنى قويۇپ قويمىساڭ، مەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتىم، دېگەن باھانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىر - بىرسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئەلۋەتتە، جاۋابكار ھاراقنى ئىچمەسلىكى، ئىچسىمۇ ئاز ئىچىشى، باشقىلارنىڭ مۈلكىگە كۆز قىزارتماسلىقى، مەست ھالەتتە ماشىنىنى پىراۋسىز ھەيدەشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى؛ زىيانلانغۇچى بىپەرۋالىقنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقىنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا بولۇشى، بولۇپمۇ ئۇ شوپۇرلۇق قائىدىلىرىنى تولۇق بىلىشى، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەر بويىچە ماشىنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك ئىدى. بىز بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئەيىبنى كىمگە قويىمىز؟ بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتىنى نەزەرگە ئالغاندا، يەنىلا ئەيىب شوپۇردا. چۈنكى، ئۇ ماشىنىدىن يىراقلاشقاندا، بەلگىلىمە بويىچە ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىشى، ئىشىك - دېرىزىنى تولۇق ئېتىپ بىخەتەرلىككە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دەل مۇشۇ بىر ئىش سەۋەب

بولغان. بۇ ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، زىيانلانغۇچى شوپۇر يىگىت ئۆزى ۋە باشقىلارغا زور زىيان سېلىشنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالغان. جاۋابكار ھۆكۈمدىكى پۇلنى تاپشۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۇلنى تۆلەشنى رەت قىلدۇرۇپ، ئۈچ يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىنى ئۆتەشكە مەجبۇر بولدى، زىيانلانغۇچى تا ھازىرغىچە ھۆكۈمدە بۇيرۇلغان پۇلدىن بىر يۈەنمۇ ئالالماي لېۋىنى چىشلەپ قالدى. دېمەك، بىر ئاچقۇچ ۋە كىچىككىنە بىپەرۋالىق نۇرغۇن ئىقتىسادىي، مەنىۋى زىيان ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىشتەك بىمەنىلىكىنى پەيدا قىلدى.

كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز بۇنداق بىپەرۋالىقلارغا دائىم ئۇچراپ تۇرىمىز. بىر كۈنى بىر قوشنىمىز گاز ئوچاققا بىر چەينەك سۇ قۇيۇپ قويۇپ، مەن پەسكە چۈشۈپ، چىقىپ بولغۇچە سۇ قاينايدۇ دەپ، بىنادىن پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ، پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئىش ئېسىدىن چىقىپ نەچچە كىشى بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇزاق تۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا نەرسىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى شۇ ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. باشقىلار كىمنىڭ نەرسىسىنى كۆيگەندۇ، دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كارى يوق تۇرۇپتۇ، شۇ ئەسنادا ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى قوشنا ئوت كەتتى دەپ ۋارقىراپتۇ. ھېلىقى قوشنىمىز شۇ چاغدىلا ئۆيىدىكى چەينەكنى ئېسىگە ئېلىپ يۈگۈرگەندە ئۆيىگە ئوت تۇتۇشۇپ بوپتۇ، «119»نىڭ ماشىنىسى كېلىپ ئوتنى تېزدىنلا ئۆچۈرۈپ، زور بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسىمۇ، قوشنىمىزنىڭ زىيىنى 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

ئائىلىدە بىپەرۋالىق دائىم يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، سۇ توختاپ قالغاندا سۇ قاچىلىنىپ قالسۇن دەپ جۈمەكنى ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كېتىش سەۋەبلىك، ئۆينى سۇ بېسىپ كېتىش؛ توك دەزمال، ئىسسىتقۇ ۋە شامالدۇرغۇچلارنى توكقا چېتىپ

قويۇپ چىقىپ كېتىش؛ پىشىپ قالدۇ دەپ قاراپ تاماق قاچىسىنى گاز ئوچاقتا ئېسىپ ئوت يېقىپ قويۇش؛ شۇنىڭدەك ھازىرلا كىرىپ بولىمەن دەپ تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئىشلەش ھالىتىدە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىش؛ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كېتىشتەك ئىشلاردا بىپەرۋالىق قىلىش كۆپ ھاللاردا شۇ كىشىگە ئاز بولمىغان زىيانلارنى تېپىپ كېلىدۇ.

بۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا: ئادەت خاراكتېرلىك بىخەتەرلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش، چوڭلار، بالىلارغا ئۆگىتىش، بىخەتەرلىكتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. «ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دېگەندەك ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا ئۆزىمىز پۇختا بولۇشىمىز، ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك.

## ئۆز پۇلى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇش

ناھىيە بازىرىدا تىجارەت قىلىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقان بىر تىجارەتچى دوستۇم بولۇپ، بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا توپ مال بازىرىدىن بىر قىسىم يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋالماقچى بولۇپ بېرىپ، توپ ساتقۇچىلار بىلەن باھادا تالىشىپ قالغان. شۇ مەزگىللەردە قەشقەرلىكلەرنىڭ نامى چىقىپ قالغان مەزگىلى بولغاچقا، توپ تارقاتقۇچىدىن بىرەيلەن مازاق قىلىپ، ئۇستام قايىلىسىلا، ماللىرىمىز پۇزۇر مال، ھېچقانداق يەردە مۇنداق سۈپەتلىك، باھاسى مۇۋاپىق، داڭلىق ماركىلىق كىيىم ـ كېچەك تاپالمايلا، ئەگەر باشقا جايدا مۇشۇنداق ئەرزان مال چىقىپ قالسا ياكى باھاسى مېنىڭكىدەك ئەرزان بولسا، ماڭا ئەكەلسىلە، بىرگە ئوننى مۇكاپات قىلىپ بېرىمەن، دەپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھېلىقى دوستۇمنىڭ بەكلا غۇرۇرىغا تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يانچۇقىدىكى 10 مىڭ يۈەن پۇلىنى

چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىپ، غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ. كېيىن شۇ ئاچچىقىدا توپ مال بازىرىدىن چىقىپ، باشقا توپ تارقىتىش ئورۇنلىرىغا بېرىپتۇ. بىر ئاشخانىغا كىرىپ، تاماق يەپ مەنزىلگە بارغاندا، پۇل تۆلىمەك بولۇپ قارىسا، يانچۇقىدا پۇلى يوق. ئەسلىدە پۇلىنى ھېلىقى توپ تارقىتىش ئورنىدا ئىزىغا چۈشكەن بىرنەچچە يانچۇقچى ئارقىسىغا چۈشۈپ، ئاپتوبۇستا ئېلىۋالغانىكەن. دوستۇم بەكلا پۇشايمان قىلىپ، ساقچىغا مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دېرىكى بولمىدى. ئۇ ئاچچىقىدا ئۆزىدىكى پۇلنى ئاشكارىلاپ، يوشۇرۇن رەۋىشتە ئۇلجا نىشانى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

جەمئىيەتتە ياخشى، سېخىي، سەمىمىي كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يامان نىيەتلىك، باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆزى راھەت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان جەمئىيەت داشقاللىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار ھەممىلا جايدا مەۋجۇت. شۇڭا ھەر كىم ئاشكارىلاش زۆرۈر بولمىغان بۇيۇملىرىنى خالىغانچە، مۇناسىپ بولمىغان سورۇنلاردا ئاشكارىلىماسلىقى، مەھكەم، ھوشيارلىق بىلەن ساقلىشى كېرەك. ئەينى يىللاردا پۇل، ئالتۇن، زىبۇ - زىننەتلەرنى ساقلاشتا كۆپ خىل تەدبىرلەر قوللىنىلاتتى. مەسىلەن، ئىچ كىيىملەرنىڭ يانچۇقلىرىغا، بىخەتەر ئىشكاپلارغا، شۇنىڭدەك يوشۇرۇن ساندۇق، ئىشكاپلارغا سېلىپ ساقلايتتى. ئۇنى كۆپ ھاللاردا ئۆزىدىن باشقا ئادەملەر بىلمەيتتى. ھازىر ساقلاش ئۇسۇلى ئۆزگەردى. بىر تال بانكا كارتىسى بىلەن نەچچە مىليون پۇلنى ساقلاشقا بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭمۇ بىخەتەر بولمىغان تەرەپلىرى بار. مەسىلەن، كارتىنى يوقىتىپ قويۇش، كارتا مەخپىي نومۇرىنى باشقىلار بىلىپ قېلىش، دېگەندەك. يېقىنقى يىللارنىڭ بىرىدە بىر خەنزۇ يولداش تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە بايلىقىنى دوستلىرىغا كۆز - كۆز قىلىپ، ئۆيىدىكى بىخەتەر ئىشكاپقا سېلىپ قويغان ئىككى

كىلوگىرام ساپ ئالتۇن، 500 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە يەنە بىر بۆلۈك ئالماس، زىبۇ - زىننەتلەرنى بىرمۇ بىر دوستلىرىغا كۆرسىتىپ كۆرەڭلەپتۇ. ئۇ يېڭى يىلنىڭ ھارپا كۈنى كەچتە ئۆيىدىكىلىرىنى باشلاپ مەلۇم رېستوراندا غىزالىنىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋاپتۇ. كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، ھېلىقى بىخەتەرلىك ئىشكاپ ئوغرىلىنىپ كېتىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، ساقچىلار ھېلىقى بىخەتەرلىك ئىشكاپنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر دەريادىن سۈزۈۋاپتۇ. بۇ دېلونىڭ يىپ ئۇچى ھازىرغىچە تېپىلماپتۇ.

ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش بىمەنىلىك ۋە ئەخمەقلىق، ئادەمگە ئەڭ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، كىم بولسۇن ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بىلىڭكى، ئېھتىياتچانلىق ئادەمنى كۆپ خاتىرجەم قىلىدۇ.

# ئۆز - ئۆزىنى ئەخمەق قىلىش

## مۇقەددىمە

ئىككى قېتىم ئالدانغىنىم ئازدەكلا،
ئۈچىنچى رەت ئالدانغىنىم بولدى دەرد.
بولۇپ قالدى ئالدانغىنىم ئالدانغان،
مانا ئەمدى مەن ئالداشقا يوق پۇرسەت!
— ئابدۇشۇكۇر قاۋۇل

## ئىقتىدارسىز بالا، بىچارە دادا

دوستۇم بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى بىر مىلىچماللار ماگىزىنىدا ئۇلتۇرساق، سودا قىلغىلى كىرگەن ئىككى كىشىدىن بىرسى تۇيۇقسىزلا: «ھەي، قاراپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەخمەق قىپتىمەن ئەمەسمۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن قىزىقسىنىپ ئۇ ئادەمدىن سوراپ باقتىم.

ئەسلىدە ئۇنىڭ ئوغلى مەلۇم بىر تېببىي مەكتەپنىڭ داۋالاش كەسپىنى تۈگەتكەن بولۇپ، مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ ئىككىسىدە لاياقەتسىز بولۇپ قالغانلىقتىن، دىپلوم ئالالمىغان ئىكەن. كېيىن ئۇنى ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرىغا خادىم تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرماقچى بولغاندا بالىنىڭ گۇۋاھنامىسى زۆرۈر بولۇپ، دادىسى تەرەپ - تەرەپكە چاپقان بولسىمۇ، مەكتەپتىن گۇۋاھنامە ئالالماپتۇ. ئەسلىدە ئوغلى

تولۇقلاش ئىمتىھان بېرىشكە قاتنىشىپ، لاياقەتلىك بولسا، مەكتەپ ئاندىن ئۇنىڭ گۇۋاھنامىسىنى چىقىرىپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بايىقى كىشى ساختا گۇۋاھنامە ياسايدىغان «قارا ئۇۋا» ئىزدەپ «كىنىشكە ئىشلەيمىز» دەپ تاملارغا يېزىپ چاپلاپ قويۇلغان كوچا ئېلانلىرىدىن بىر تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون قىلىپ ئالاقىلىشىپ، ئىچكى جەھەتتىن پۈتۈشۈپ، ئوغلىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش زۆرۈر مەزمۇنلارنى يېزىپ، 500 يۈەن پۇل بىلەن قوشۇپ شەھەر ئىچىدىكى مەلۇم بىر پوچتا خەت ساندۇقىغا سالغان. دېگەندەك بۇ ئادەم شۇ كۈنىلا قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونىنى ئالغان، تېلېفوندا پۈتۈشكىنى بويىچە ئىشلىگەن كىنىشكىنى تورغا چىقىرىپ بېرەلىسە، كۆرۈپ باقىدىغانغا بىر تور ئادرېسىنى دەپ، شۇ توردىن بالىسىنىڭ كىنىشكىسىنى كۆرۈۋېلىشنى، ئاندىن يەنە 500 يۈەن پۇل سالسا، كىنىشكىنىڭ ئەسلىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ كىشى دەرھال 500 يۈەن پۇل سالغان. بىر سائەتتىن كېيىن، قارشى تەرەپ تەييار بولغان كىنىشكىنى مەلۇم جايدىكى ئەخلەت ساندۇقىدىن ئېلىۋېلىشنى ئۇقتۇرغان. ھېلىقى كىشى شۇ يەرگە بېرىپلا «كىنىشكا»نى قولىغا ئالغان. ئۇ بالىسىنىڭ تورغا چىقىرىلغان كىنىشكىنى كۆرگەن ۋە شۇ كىنىشكا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەك خۇشال بولغان. دېگەندەك بالىسى خادىم تولۇقلاش ئىمتىھانىغا تىزىملىتىپ قاتنىشالىغان. ئوغلى ئىمتىھاندا تەلىيى كېلىپ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەن. بىراق بالىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇش، بېكىتىش باسقۇچىغا كەلگەندە گۇۋاھنامىنىڭ ساختىلىقى بايقىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىنىشكىنىڭ ساختىلىقىدىن بالىسى شاللىنىۋېتىلگەن. بۇ چاغدا ئۇ كىشىنىڭ بېشى قاتقان ۋە بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپكە چاپقان، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ مەلۇم بەدەل تۆلىگەن. لېكىن، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان. ئاخىر ئۇ كىشى بالىسىنىڭ تۆت

يىل ئوقۇپ، گۇۋاھنامە ئالالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، كايىپ ئوغلىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان. ئەمما كېيىن بالىنى ئىزدەپ تاپالماي سەرسان بولۇپ يۈرىكى سىقىلىپ، تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.

— شۇنچىلىك كۆپ ئاۋارە بولدۇمكى، قاچانمۇ مۇشۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقار؟ شۇندىلا جېنىم ئارام تاپار ئىدى، — دېدى ھېلىقى كىشى تولىمۇ ئەپسۇسلۇق كەيپىياتتا ئۇھ تارتىپ، — بالا دەردى بەك يامان ئىكەن، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئوقۇتۇپتىمەن، تۈزۈك ئوقۇماپتىكەن. مەكتەپ دىپلوم بەرمىدى، ئەمدى خىزمەتكە چىقىش پۇرسىتى كېلىۋىدى، نۇرغۇن پالاقلاپمۇ نەتىجە چىقىرالمىدىم. شۇ ئىش بىلەن ھازىر كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇم كەلمەس بولۇپ قالدى. باشقىلارنىڭ شۇ بالام بىلەن ئوقۇغان باللىرى ئاتا - ئانىسى «يول ماڭماي» لا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ھازىر ئويلىسام، «ساختا كىنىشكا» غا بەك زورۇقۇپ، زىيادە بېرىلىپ ئەخمەقلىق قىلىپتىمەن. شۇ «ساختا كىنىشكا» غا ئىشىنىپ قالمىغان بولساممۇ بۇنچىلىك ئاۋارە بولماس ئىكەنمەن. ئادەمنى قارا باسسا، مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىك بولىدىكەن، «كاللا ئىشلىمىسە، پۇتقا ئارام يوق» دېگەن راستىكەن. ھازىر ئويلىسام، ئۆز - ئۆزۈمنى ئالدىغاچقا خەق مېنى قويۇپتۇ. بۇنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى.

## قويۇلۇپ كەتكەن تىراكتورچىنىڭ دەردى

يۇقىرىقىدەك كېلىشمەسلىك بىرلا ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەمەس. بۇنداق ئاقىۋەتكە قالغانلار جەمئىيەتتە كۆپ. بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى بىر يۇرتدىشىم مەلۇم ناھىيەنىڭ قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىدىكى ساقچىلارنىڭ ئۆزىگە نان بېرىۋاتقان بىردىنبىر تىراكتورىنى قائىدىگە خىلاپلىق

قىلدىڭ دەپ تارتىۋېلىپ كېيىن سېتىۋەتكەنلىكىنى دادلاپ كەلدى. مېنىڭ دەسلەپ بەك ئاچچىقىم كەلدى، كېيىن سۈرۈشتە قىلىپ بىلدىمكى، بايىقى يۇرتدىشىم ماڭا يالغان گەپ قىلغانىكەن: ئەسلىدە ئۇ يۇرتدىشىم ئاپتوموبىل شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالىمەن دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىكى بىر خادىم ئۇنىڭغا مەن 500 يۈەن ئەرزانىغا كىنىشكا بېجىرىپ بىر ھەپتىدە قولۇڭغا يەتكۈزىمەن دەپ 2000 يۈەن ئېلىپ، دېگەن ۋاقىتتا ئاپتوموبىل شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى ئۇنىڭ قولىغا بەرگەن. ئاندىن ئۇنى شۇ چاغدا توردىن سۈرۈشتە قىلسىمۇ راست بولۇپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بىر نەۋۋەت ناھىيە بازىرىغا تىراكتور ھەيدەپ كىرىپ، خاتا يول يۈرگەندە تىراكتورنى تارتىۋېلىپ 200 يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە بۇيرۇلغان. بىراق ئۇ 200 يۈەننى تۆلەشكە چىدىماي، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىككى كىشى كېلىپ، مېنىڭ كىنىشكامنى كۆپەيتىپ ياساپ ئىشلىتىپسەن، دېگەن. ئۇلاردىن بىرى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى يىللىق تەكشۈرتۈشكە ئېلىپ بارغاندا، ھېلىقى 200 يۈەن جەرىمانىنى، ئاندىن جەرىمانىنى كېچىكتۈرۈپ تۆلەش پۇلى 1923 يۈەننى تۆلەشكە بۇيرۇلغانلىقىنى دەپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن بەك ھەيران قالغان ھەم سۈرۈشتە قىلىپ، بايىقى يۇرتدىشىمنىڭ ھېلىقى كىشىنىڭ كىنىشكا نومۇرىدىن پايدىلىنىپ، ساختا كىنىشكا ياسىغانلىقى بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ساختا كىنىشكا ئىشلەتكەن يۇرتدىشىم توختىتىپ قويۇش، جەرىمانىنى ھەسسىلەپ تۆلەشكە بۇيرۇلغان. بىراق، ئۇ جەرىمانە پۇلى ۋە باشقا پۇللارنى تاپشۇرالمىغاچقا، تىراكتورنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىپ تۆلەتكەن. بۇ بىچارە يۇرتدىشىم ساختا كىنىشكىنىڭ ساختىلىقىغا ئۆزىمۇ بىلمەي چۈشۈپ قالغان، ئۇ بۇنى بىلگەندىن كېيىن، قاتتىق پۇشايمان قىلغان. ئاخىرىدا كىنىشكا ئېلىپ بەرگەن كىشىنى پاش قىلغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك

تارتقان. بىراق ئاۋارىچىلىك يەنىلا ھېلىقى تونۇشۇمغا بولغان. چۈنكى، ئۇ ساختا كىنىشكا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە باشقىلارغا ساختا كىنىشكا ياساپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان ھەم پۇل بەرگەن. ساختا كىنىشكا بىلەن تىراكتور ھەيدەش، جەرىمانىنى ئېغىر كۆرۈپ ۋاقتىدا تۆلىمەسلىك ۋە جەرىمانە تۆلەشنى سۆيلىمىدى دەپ تاشلاپ قويۇش ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلغان.

## ساختا كىنىشكا ۋە ئۆزىنى ئالداش

«ساختا كىنىشكا» غا ئىلىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاقىتلىق ئېھتىياج، ئاز ـ تولا مەنپەئەتنى كۆزلەپ قىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ بۇنى كىم سۈرۈشتە قىلىدۇ؟ زىيانلىرىنى كىم تۆلەيدۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. پەقەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۆز ـ ئۆزىگە جاۋاب بېرىپ، «ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەخمەق قىلىپتىمەن» دەيدۇ. مانا بۇ ساختىلىقنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كىشىلىك جەمئىيەت مۇرەككەپ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر داۋامىدا مۇرەككەپ ئىچكى ـ تاشقى ھېسسىيات مەۋجۇت بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجابىي، ساغلام بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بەزىلەر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى ۋە ياكى تاسادىپىي تەلىيى كېلىش بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كېتىدۇ. ئەمما بەزىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە سالاھىيىتى ئەسلىدىكى ئېھتىياجىنىڭ تەلىپىگە يەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل كىشىلەر سەلبىي يولغا مېڭىپ قالىدۇ. بەزىلەر قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ يامان

تەرپىگە ئەمەس، پۇل تاپالايدىغان ـ تاپالمايدىغانلىقىغا قاراپ شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا ماڭىدۇ. بولۇپمۇ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشى، دىيانەتلىك كىشىلەر سەلبىي، يامان تەرپى بار ئىشلارنى قىلمايدۇ، ئەمما توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، ساختىپەزلىك بىلەن پۇل، مەنپەئەت قوغلىشىدىغان كىشىلەر باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئۆزىنى باي قىلىدۇ.

«ساختا كىنىشكا» غا بولغان ئېھتىياج زادى قانچىلىك؟ سۈرۈشتە قىلىپ كەلسەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىش ئورنى بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ، شۇ ئىش ئورنىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلار، ئىقتىدارلىقلار يېتەرلىك ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەرگە خادىم قوبۇل قىلىش، سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن خادىملار گۇۋاھنامىسى بولمىغانلىقتىن، شاللىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ گۇۋاھنامىسى ساختا بولۇپ، ئۇلار تەپ تارتماستىن شۇنداق بىمەنە ئىشنى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە خادىملارنى تاللاشتا گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈش بىر تۈرلۈك سەزگۈر نۇقتا بولۇپ قالغان. مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ قارىشىچە، ئايرىم ئادەملەرنىڭ نادانلىقى، «ساختا كىنىشكا» غا بېرىلىپ كېتىشى ئەۋج ئالغانلىقتىن، «ساختا كىنىشكا» ياساش ئۇۋۇلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن. بۇ بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئېھتىياج مۇلازىمەتكە تۈرتكە بولىدۇ، چۈنكى ئېھتىياج قانچىكى كۈچلۈك ھەم كۆپ بولسا، مۇلازىمەت شۇنچىلىك جانلىق بولىدۇ، كەڭ ئەۋج ئالىدۇ. ئېھتىياجنى قاندۇرۇش قانچىكى كۈچلۈك بولسا، تەلەپ شۇنچىلىك كەڭ بولىدۇ. ئۇ پەقەت چەكتىن ئاشقاندىلا ياكى نارازىلىق كۈچلۈك، كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى كۆپ، جاۋابكارلىقى ئېغىر بولغاندىلا، قانۇن تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ، بۇ خىل چەكلەش ئىشقا ئاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئايرىم كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىنى قۇربان قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

دەل مۇشۇ خىل ئەھۋال كىشىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەخمەق قىلىپ قويىدۇ.

## ساختا كىنىشكا ـ قاتمال ئىدىيە

نادان كىشىلەر ھەمىشە يۇقىرىقىدەك ئەخمەقلىقنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققاندا ئۆزىدىن ئاغرىنماستىن، ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنىدۇ. مۇشۇنداق ئاغرىنىشنىڭ ئاساسى بارمۇ؟ بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇرۇمچىدە ساختا كىنىشكا ياساش ئېلانلىرىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھازىر، ئۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، شەھەرلەردە ئەۋج ئالدى. بەزىلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرى شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار يەنە قانۇنلۇق كىنىشكا، تامغا، شۇنىڭغا ئوخشاش ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەش، ياساش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنى «ساختا كىنىشكا» ئىشلەيدۇ دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئايرىم نادان كىشىلەر «ساختا كىنىشكا» نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، ھۆكۈمەت ئۆزى ئاشۇنداق ئورۇنلارنى تەستىقلاپ، نېمىدەپ يەنە ئۇلارغا ياساتقان كىنىشكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، نېمىشقا ئاشۇنداق جايلارنى تاقاپ، «ساختا كىنىشكا» ياساشقا زەربە بەرمەيدۇ؟ دەپ ئاغرىنىدۇ. «ساختا كىنىشكا»نى ھۆكۈمەت ۋە قانۇن قاتتىق چەكلەيدۇ. بىراق كىنىشكىنى ياستىۋاتقىنى شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ شۇ ئىشنى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى چەكلەشتە ئالدى بىلەن شەخسلەر قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. بىراق كىمنىڭ نېمە قىلىشى شۇ ئادەمنىڭ ئېھتىياجىغا باغلىق بولىدۇ. شۇ ئىش قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپ بولمىسا، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالمىسا، ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، ئۇنى ھېچكىم توسمايدۇ ۋە چەكلىمەيدۇ. ئېھتىياج تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان سەلبىي ئىش - ھەرىكەتلەر زىيانلىق بولمىسا، ئەلۋەتتە ئۇنى توسۇشقا بولمايدۇ. زىيانلىق بولسا، ھەممە تەرەپ ئورتاق توسۇشى كېرەك.

«ساختا كىنىشكا» غا بېرىلىپ كېتىشنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭغا «ئېھتىياجى بار كىشىلەر» كۆپ، ئۇلار زىيان تارتىسىمۇ شۇ يولغا مېڭىپ قېلىپ كۆرۈپ باقىدۇ، يەنى قولغا كىرگۈزگەن «ساختا كىنىشكا» ئارقىلىق مەلۇم مۇددىئاغا يېتىشكە زورۇقۇپ باقىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر «ساختا كىنىشكا»نىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. نۇرغۇن ئادەم بېشىدىن كەچۈرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالمايۋاتىدۇ. ساۋاق ئالماسلىقىدا ئىككى سەۋەب بار: ئۇنىڭ بىرسى، بىر قىسىم كىرەكسىز، لاياقەتسىز باللار ئازغىنە پۇلنى تېجەيمەن دەپ يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. ئىككىنچىسى، باللارنىڭ ئوقۇشىغا سەل قاراش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ۋاستە تاللىماسلىق خاھىشى كۈچلۈك. شۇنىڭ بىلەن «ساختا كىنىشكا» ياساشتىن ئىبارەت «مۇلازىمەت» كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كەتكەن. ئالدانغۇچىلار ۋە ئەخمەق بولغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسى قاتمال بولغانلىقتىن، قانۇن تارماقلىرى كۆپ قېتىم «ساختا كىنىشكا» ياساش ئورۇنلىرىنى تارمار قىلغان بولسىمۇ، «ساختا كىنىشكا» ياساش ئۇۋىلىرى تەلتۆكۈس يوقالمايۋاتىدۇ.

## ئاشكارا ئۇچۇر بىلەن باشقىلارنى بابلاش

كوچا ـ كويلارغا چاپلاپ قويۇلغان «كىنىشكا ئىشلەيمىز» دېگەن تېلېفون نومۇرلىرىغا تېلېفون قىلسىڭىز، ئۇلار راست كىنىشكا ئىشلەيمىز دېيىشىدۇ. «كىنىشكا ياسايمىز» دېگەن ئېلاندىمۇ ساختىلىق بايقالمايدۇ. ھازىر قەشقەر شەھىرىدىكى كوچىلارنىڭ مۇھىم دوقمۇشلىرى، پىيادىلەر يوللىرى، يول بويىدىكى ۋادەك تاختىلىرى، مېھمانخانا، تاماقخانا، دوختۇرخانا، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرىدا «كىنىشكا» ئىشلەش ئېلانلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەتتا پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ پۇتىمىز ئاستىغا قارىساق سىرىق سىر بىلەن يېزىلغان «كىنىشكا ئىشلەش»، ئالاقە تېلېفون نومۇرلىرىنى كۆرىمىز.

سىنچىلاپ قارىساق، شەھەر قۇرۇلۇش خادىملىرى شەھەر كۆرۈنۈشىگە نۇقسان يەتكۈزگەن ئاشۇ خىل ئېلانلارنى ئۆچۈرگەن بولسىمۇ، خۇددى مازاق قىلغاندەك ئۆچۈرگەن بوياق ئۈستىگە يېڭىلاپ ئېلان ئۇچۇرلىرىنى يېزىپ قويغانلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئۇنى نېمە ئۈچۈن چەكلەپ تۈپتىن تۈگەتكىلى بولمايدۇ؟ يۇقىرىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىرىنچىدىن، ئادەملەر ئەخمەق بولۇشنى ئالدىن بىلەلمەيدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، «ساختا» غا ئىلىنىپ قېلىپ، پۇشايمان قىلغاندا نومۇس كۈچىگە چىداپ، ئىچىگە يۇتۇپ تاشلاپ قويىدىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئالدىنىش، ئەخمەق بولۇش باشلانغاندىلا، پاكىت توپلاشقا باشلىمىغانلىقتىن، تولۇق، يېتەرلىك پاكىتنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىكەن. شۇڭا قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئاساس تېپىپ بېرەلمەيدىكەن. بەزىلەر تېلېفون نومۇرىنى پاكىت قىلغىلى بولىدىغۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، تېلېگراف ئورۇنلىرىنىڭ ئىزاھلىشىغا قارىغاندا، «ساختا كىنىشكا» ياساش بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ نامى بىلەن بېجىرگەن تېلېفون كارتىلىرىنى ئىشلەتمەيدىكەن. شۇڭا دەمال ئۇنىڭ زادى كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمايدىكەن. تېلېفون قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلىغاندىمۇ ئۇنداق كىشىلەر ئەسلى ئادرېسىنى، نامىنى ئاشكارىلىمايدىكەن. بەزى تېلېفونلارنىڭ ئېنىقلىمىسى بولسىمۇ، ئۇلار بىز ئېلان بەرگەن بىلەن «ساختا كىنىشكا» ئىشلىمەيمىز دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. يېتەرلىك پاكىت بولمىغاچقا، ئىچكىرىلەپ ئېنىقلاشقا تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىكەن. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئەخمەق بولغان كىشىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھېلىقى «ساختا كىنىشكا» ياسىغۇچىنى تۇتۇپ، ئەينى چاغدا پۇل سالغان خەت ساندۇقىنىڭ ئەتراپىنى كۆزەتكەن، بىراق ئۇ كىشى بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپمۇ «ساختا كىنىشكا» ياسىغۇچىنى ئۇچرىتالمىغان. ئەكسىچە بىر قىسىم ئەخمەق كىشىلەرنىڭ يەنىلا ئۆزىگە ئوخشاش ئۇ يەرگە پۇل ۋە

باشقا نەرسىلەرنى قويۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، تەنبىھ قىلىشقا ئۈچرىغان.

**ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە**

ئالدىنىش بىر خىل پىسخىك ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى جەريانىدا ھەرخىل سەۋەبلەر ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىرادىسى ئاجىز، نادان ئادەملەر ھامان ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى بۇزۇپ، ساغلام تەرەققىي قىلىش، بىخەتەر تۇرمۇش كەچۈرۈش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئوبوروتنىڭ تېز ئايلىنىشى، ئىقتىسادنىڭ ياخشى سۈپەتلىك يۈرگۈزۈلۈشىگە تەھدىت سالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ھەممە تەرەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى ئالدىنى ئېلىش، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، قارشى تۇرۇپ پاش قىلىشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە سەل قارىماسلىق لازىم:

**1. ساختا كىنىشكىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ دەپ قاراش** كېرەك كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرخىل كىنىشكىغا ئېھتىياجلىق بولغاندا توغرا يول بىلەن ھەقىقىيسىنى ئېلىشقا تىرىشىشى، ھە دېگەندە ۋاقىتلىق ھېسسىيات ۋە ئېھتىياجىنىڭ كەينىگە كىرىپ، غەيرىي يول، خاتا ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرۈش تۈيغۇسىدا بولماسلىقى كېرەك.

**2. ساختا كىنىشكىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك** «ساختا كىنىشكا» نىڭ ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېنىق بىلىشكە تېگىشلىك ئىش. ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكى كېلىپ چىقىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىن بولسا،

ئازابقا قويىدۇ، شۇ كىشىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ. شۇڭا كىشى بۇ جەھەتتىكى زىيانلىرىنى تولۇق تونۇشى كېرەك.

**3. «ساختا كىنىشكا» غا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يارىتىش كېرەك** بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، باللارنى ياخشى ئوقۇشقا، مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىمتىھانلاردىن تولۇق ئۆتۈپ، كىنىشكا ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، «ساختا كىنىشكا» غا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كەسكىن رەت قىلىش، دادىل پاش قىلىش، قانۇنغا تايىنىپ ئۆزىنى قوغدىشى كېرەك.

# بانكا، قەرز پۇل، دېھقان ئوبرازى

نوپۇسىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلىرىمىز كۆپ چاغلاردا تۇرلۇك ئىشلارغا سەل قاراش، يۇزەكى مۇئامىلە قىلىش بىلەن زىيان تارتىپ ئاخىرىدا چىقىش يولى تاپالماي قالىدۇ. بۇنداق ئۆزىنى ئالداش ھەققىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ.

يېزىدىكى بىر دېھقان تۇغقىنىم ماڭا كۆپ قېتىم تېلېفون قىلىپ، بانكىدىن قەرز پۇل ھەل قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن بۇ ئىشتا ئىككىلىنىپ قالدىم ۋە ئۆز يېزىسىدىكى بانكىلارغا ئىلتىماس سۇنۇشنى ئېيتتىم. ئۇ دەسلەپ ماقۇل بولغان بولسىمۇ، كېيىن يەنە تېلېفون قىلىپ، ئۆز يېزىسىدىكى بانكىلارنىڭ ئۆزىگە قەرز بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن يۇز كېلەلمەي، قەرز پۇل ئېلىشىغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدىم ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدىنىپ باقتىم. ئەپسۇسكى، مەن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى بىلدىم. بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپ، بانكىنىڭ نېمە ئۈچۈن قەرز پۇل بەرمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلدىم.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان يېزىلاردا ئاز سومملىق قەرز بېرىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان بولغاچقا، ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئاۋۋال دېھقان ـ چارۋىچىلارغا كېپىل تۇرغۇزماي قەرز بېرىدىكەن. بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، ھەربىر دېھقان ـ چارۋىچى شۇ يىلى ئەتىيازدا تېرىقچىلىققا يېتەرلىك مەبلىغىنى ئۆزى

غەملىگەندىن باشقا، كەملىگەن قىسمىنى بانكىدىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىدىكەن. دەل مۇشۇ كەملىگەن قىسمىغا ئېلىنىدىغان قەرز پۇل ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بولۇپ، بۇ پۇلنى ئاساسلىقى يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىر يىللىق مۇددەت بىلەن بېرىدىكەن. بۇ خىل پۇلغا رەنە مۈلكى ئېلىنمايدىكەن ياكى كېپىل تۇرغۇزۇلمايدىكەن، پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ياخشى ئىناۋىتىلا كېپىل ۋە رەنە بولىدىكەن. بۇ خىل پۇل كۆپ سانلىق دېھقان - چارۋىچىلارنى خۇشال قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ۋە مەدەت بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ خىل قەرز پۇلنىڭ ئىناۋىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاساسلىقى دېھقان - چارۋىچىلار قەرز پۇلنىڭ قەرەلى توشقاندا دىرى ۋە ئۆسۈمىنى قوشۇپ قايتۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. چۈنكى، قەرز ئېلىشتىن قەرز قايتۇرۇشقىچە بولغان جەريان بانكىنىڭ ئىناۋەت سىستېمىسىدا خاتىرىلىنىپ، بانكا تەرىپىدىن ئىشەنچ دەرىجىسى تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ كىشىنىڭ بانكىدىن قەرز ئېلىشتىكى ياخشى ئوبرازى تىكلىنىپ، ھەر يىلى كۆپ قېتىم قەرز پۇل ئېلىشنى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بايىقى تۇغقىنىم دەل مۇشۇ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغان، يەنى بىر قېتىم بانكىدىن ئالغان ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنى قەرەلى توشسىمۇ قايتۇرالمىغان، تەكرار سۈيلىسىمۇ بېرەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بانكا قەرز ئىناۋىتى يوقىلىپ، قەرز پۇل ئالالمايدىغان بولغان.

نۆۋەتتە، بانكىلاردا ئىناۋەت سىستېما قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا «قارا تىزىملىك» ۋە «يېشىل تىزىملىك» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئۇقۇم بار. بانكىدىن قەرز پۇل ئالغاندا، قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش ئەھۋالى، قەرز پۇلنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش قېتىم سانى بىلەن ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان قېتىم سانى بىرمۇ بىر خاتىرىلىنىدۇ. ۋاقتىدا تاپشۇرۇش قېتىم سانى

قانچىكى كۆپ بولسا، شۇ ئادەمنىڭ قەرز قايتۇرۇش تىزىملىكىگە بېرىلىدىغان باھا يۇقىرى بولۇپ، بۇ خىل كىشى «يېشىل تىزىملىك» كە كىرگۈزۈلۈپ ئىناۋەت دەرىجىسى يۇقىرى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر بانكىدىن قايتا قەرز ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ مۇبادا قەرز قايتۇرغۇچى قەرزنى قايتۇرۇش قەرەلىدە قايتۇرمىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان باھا تۆۋەن بولىدۇ ـ دە، «قارا تىزىملىك» كە كىرىپ قالىدۇ، بۇنداق «قارا تىزىملىك» كە كىرىپ قالغان قەرزدارنىڭ بانكىدىن قايتا قەرز ئېلىش پۇرسىتى بولمايدۇ. بانكا بۇ خىل كىشىنى ئىناۋىتى يوق قەرزدار دەپ ئايرىپ، قەرز بەرمەيدۇ.

نۆۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بانكىنىڭ بۇ خىل ئىناۋەت خاتىرىلەش تۈزۈمىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، قەرز ئالغاندا قايتۇرساقلا بولىدۇ، دەپ قاراپ، قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا سەل قارايدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ قەرز ئىناۋىتىنى تۆۋەنلىتىپ، قايتا قەرز پۇل ئېلىشىنى يوققا چىقىرىدۇ. بانكىنىڭ ئىناۋەت خاتىرىلەش ۋەزىپىسىنى بانكىنىڭ ئېلېكتىرونلۇق باشقۇرۇش سىستېمىسى ئېلىپ بارىدۇ. ئادەتتە بىز بۇ خىل خاتىرىلەشنى كۆرەلمەيمىز، قەرز قايتۇرغان ۋاقتىمىزدا بانكا تور سىستېمىسى بۇنى ئۆزلۈكىدىن خاتىرىلەپ ماڭىدۇ، قەرزنى قانچىكى بالدۇر ۋاقتىدا تاپشۇرغاندا، ئىناۋەت دەرىجىسى شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئىناۋەت، ئىشەنچ دەرىجىسى شۇنچىلىك تۆۋەن بولۇپ، «قارا تىزىملىك» كە چۈشۈپ قالىدۇ.

يېزىلاردا ئاز سومملىق قەرز پۇل بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دېھقانلار بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىملىرى بۇنى چۈشەنمەي، قەرز پۇلنى ئادەمگە قاراپ بېرىدۇ، دەپ خاتا چۈشەنچىدە بولغان. توغرا چۈشەنگەنلەر قەرز پۇلنى قايتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئالغان قەرزنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى دەل ۋاقتىدا قايتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇلار «يېشىل تىزىملىك» كە كىرىپ، قايتا قەرز پۇل ئېلىش ئىناۋەت،

ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. بۇلار بانكا خادىملىرىنى ئاۋارە قىلمىغان، سۆيلەتمىگەن، شۇڭا ئۇلار بانكا خادىملىرىنىڭ قىزغىن مۇلازىمىتىگە سازاۋەر بولغان. ھەتتاكى بانكا خادىملىرى دائىم قەرز پۇل ئېلىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلغان. دېمەك، «يېشىل تىزىملىك» بىلەن «قارا تىزىملىك» نىڭ پەرقى شۇ قەدەر چوڭ.

بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەت ـ ئوبرازىنى تولا چاغلاردا شۇ ئادەمنىڭ خۇلقى، خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. دەرىجىسى، سۈپىتى، قىممىتى يۇقىرى كىشىنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئىناۋەت ـ ئوبرازى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ، ئوبرازى ياخشى بولىدۇ. ياخشى ئوبراز ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئەدەپ ـ ھاياسىدىن؛ يەنە بىرى، ۋەدىسىدە تۇرۇش ـ تۇرماسلىقىدىن كېلىدۇ. ئەدەپ ـ ھايا ئادەمنى ئەخلاق جەھەتتىن سۈپەتلىك، سالاپەتلىك قىلىدۇ. لەۋزىدە تۇرۇپ ھەقىقىي ئىش قىلىپ، دېگەن قەرەلىدە قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلغان كىشىلەرنىڭ باشقىلار قەلبىدىكى ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئىككى خىسلەتنى تەڭ يېتىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، جەمئىيەتتە تەسىرى ياخشى بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ھەمىشە نەتىجىلىك بولىدۇ، ئۇلار ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ نەزىرىدىمۇ ھۆرمەت، ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرى كىشىلەردىن ئەستايىدىللىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئىش قىلىپ، جىددىي تۇرمۇش رىتىمىنى نورمال، ياخشى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. بۇ تەلەپنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ياخشى نامايان قىلىشى كېرەك. قىممىتىنى نامايان قىلىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ئوبراز يارىتىش، ئىشەنچ تۇرغۇزۇش. بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە

باشقا ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاتا - بوۋىلار ئەلمىساقتىن بۇيان، ئېسىل ئەدەپ - ئەخلاق ۋە سەمىمىي - ساداقىتى بىلەن ياخشى ئوبراز يارىتىپ نۇرغۇن تەرىپلەرگە سازاۋەر بولغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى زور. بىر ئادەمنىڭ ياخشى ئوبرازى شۇ ئادەمنىڭ ئەقىدىسى، پاراسىتى ۋە تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، بۇ ئىشلارنى ياخشى، ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈشتە ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ لەۋزىدە تۇرۇشى، توختامغا ئەمەل قىلىشى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا سېلىش بەدىلىگە پايدا ئېلىش ئويىدا بولماسلىقى، تىرىشىپ باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. دېھقان ياكى كادىر، تىجارەتچى بولسۇن، ياخشى ئوبراز تىكلەشنى ئىش - ھەرىكىتىدە ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ شۇ ئىشى، شۇ ھەرىكىتى بىلەن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ دېھقانلار ھۆكۈمەت ۋە غەيرىي تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۆزىنىڭ شۇ ئىشتىكى مەنپەئەتى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ، ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە شۇ ئورۇنلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىشى كېرەك. ئۇنداق قىلىشقا سەل قارايدىكەن ۋە ئۇنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرمايدىكەن، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، ئىشەنچ دەرىجىسىنى يوقىتىدۇ. دېمەك، بۇ ماھىيەتتە شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، باشقىلارغا ئىشەنچ تۇيغۇسى بېرىپ، شۇ ئادەمنى تېخىمۇ داغدام يولغا باشلايدۇ.

# «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش»

شەھىرىمىزدە ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق ۋە پۇلدار ھېسابلايدىغان، كىملەرنىدۇر كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان، شۇ قەدەر پىخسىق بىر سىر ساتقۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى بىرەر تىيىنغىمۇ ئالمايتتى. ئۇ تېخى، بارچە ئادەم بىر - ئىككى قېتىم قويمىچىغا قويۇلدى، ئەمما مەن ئۇنداق پوقنى يەپ سالمىدىم، دەپ ئۆزىنى ئالاھىدە چاغلاپ يۈرەتتى. ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئۇ ناھايىتى كۆپ ئەلا سۈپەتلىك سىرنى باشقا جايدىن يۆتكەپ كەلدى ھەم كۆڭلىدىمۇ نۇرغۇن چوت بار ئىدى: ئۇ ھەربىر تۇڭ سىرنى ماشىنىدىن چۈشۈرگەندە كاللەك - كاللەك ئالتۇن كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ بەك خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا پەقەت بىرسى ئىككى بولاتتى، يەنى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن پۇل بىرنەچچە ئايدىن كېيىن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرت - پۆرت دەيدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ. چىقسىمۇ، پۇل بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىدۇ... ئاھ، ئامەت دېگەن، بەخت دېگەن مانا شۇ!

ئۇ ئۆي - ئۆيگە دۆۋىلەنگەن 100 مىڭ تۇڭ سىرنى كۆرۈپ، ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ كۆزلىرىگە زادىلا ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ ھاياجاندىن كېچىسى ئۇيقۇسى قاچتى، كىم - كىملەرگىدۇر ھېچقاچان ئېچىلمىغان چىرايى ئېچىلدى، ئۇزاق زامانلاردىن يۇمۇلۇپ قالغان ئالىقانلىرى ئېچىلىپ، سېخىيلىقى قوزغالدى. ئۆيدىكىلەرگە، يېقىن يۇرتداشلىرىغا كەڭ قوللۇق

قىلدى، ھەتتاكى زورلاپ بولسىمۇ، ئۇلارغا تاماق ئېلىپ بەردى، يېتىملەرگە سېخىيلىق قىلدى. ئۇ بۇ ئىشلىرىدىن شۇنچىلىك يېنىكلىك، بەخت، ئاسايىشلىق ھېس قىلىپ، نەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى بىردىنلا چۈشىنىپ قالغاندەك، نەچچە يىللاردىن بۇيان قىيىنىلىپ، قىستىلىپ تاپقان پۇللارنىڭ بۇگۈنكىدەك شاپائىتىنى ھېچقاچان سېزىپ باقمىغاندەك بولدى.

باشقىلار 29 ~ 30 يۈەندىن سېتىۋاتقان سىرنى ئۇ قانچە پۇلدىن ساتسا بولار؟ ئۇ ئاخىرى ھەسسە پايدا ئالسامۇ ئاز پايدا ئەمەس دېگەن يەرگە كەلدى - دە، خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، نەق پۇلغا ھەر تۇڭىنى 25 يۈەندىن سېتىش، نېسى قىلماسلىق، نېسى قىلىپ قالسا، 30 يۈەندىن سېتىش قارارىغا كەلدى. شەھەردىكى بىر قىسىم سىر سودىگەرلىرى ئۇنىڭ شۇنچىلىك كۆپ سىرنى ئەرزانلا قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ۋەسۋەسىگە چۈشتى. بەزىلەر ئۇنىڭ سىرلىرىغا بىر كېچىدىلا ئوت كېتىشىنى، ھەتتا سۇغا ئايلىنىپ كېتىشىنى تىلىدى. غەم، رىقابەت، غۇلغۇلا تەرەپ - تەرەپتە ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئۆزىنى شۇ قەدەر مەغرۇر تۇتۇپ، ئۆلۈشە ئوغرىلار، دېدى كۆڭلىدە. ئۇنىڭ راسا دەبدەبە قىلغۇسى كەلدى. بىراق، بىر شەيئىنى ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاپ نېمە قىلىسەن؟ دېدى. راست، بۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن قاملاشمىغان ئىش بار ئەمەسمۇ؟

شۇنداق بىر خاسىيەتلىك كۈن كەلدى. ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەسچىتكە چىقىپ جامائەت بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. كىملەرگىدۇر تاھارەت بىلەن ئامبارغا بېرىش بۇيرۇقىنى سوقۇپ قويدى. بۈگۈن ئۇنىڭ بىرەر ئايدىن بۇيان تارتقان جاپالىرىنىڭ ھاردۇقى چىقىدىغان كۈندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ 100 مىڭ تۇڭ سىرنى يۆتكەپ كېلىش، جايلاشتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلاردا ئاز ھەرەج تارتمىدى.

30 يىلدەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسى تۆكەپ، يانچۇقىدا سانغىمۇ توشمىغۇدەك پۇل قالدى. بىراق شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ زور بايلىق دۆۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ كونا چۆپقەتلىرىدىن بىرقانچىسى سەھەردىلا ئۇنىڭ ئامبىرى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ قولىغا ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلىغۇچنى ئېلىپ، باھادا ئاز ـ تولا تالىشىپ قويۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە 500 تۈك سىرنى تارقىتىپ، 125 مىڭ يۈەن پۇلنى يىغىۋالدى. بۇ چاغدا سىر ئالغۇچى چۆپقەتچىلەر كىرا قىلىدىغانغا ئاپتوموبىل تاپالماي تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ گىجىڭراق بىر چۆپقىتى ماشىنا كەلگۈچە سىرنى ئېچىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئىش شۇنىڭدىن باشلاندى. ئېچىلغان سىر تۈگىنىڭ ئىچىدىن سىرغىمۇ ئوخشىمايدىغان، سۇغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە چىقتى. بۇ نېمە ئىش، سىر بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن تۈگلار بىر ـ بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاھ خۇدا، نېمە ئىش بۇ؟ تۈگدىن سىر ئەمەس، باشقا بىر ئېچىپ كەتكەن سۇيۇقلۇق چىقىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن، ھېلىقى سىر ئالغان كىشىلەردىنمۇ تېلېفون كېلىشكە باشلىدى.

ـ ھەي، بىزگە سىر بەردىڭمۇ ـ سۇمۇ؟

ـ ھۇ ئالدامچى، قويمىچى! پۇلۇمنى قايتۇر، سىرىڭنى ئۆزۈڭ كېلىپ ئېلىپ كەت!

بىردەمدە يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئۇنىڭ ھەممە شېرىن خىياللىرىنى بەربات قىلىۋەتتى، قولىدىكى ھېلىقى پۇلمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە يوق بولدى. ئۇ چۈش قويىندا گاراڭ بولۇپ، بىر ھازادىن كېيىن، داراڭگىدە يىقىلىپ چۈشتى. ياردەمگە كەلگەن كىشىلەر، خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئوپېراتسىيە قىلىندى، بىراق تەل ـ

تۆكۈس ساقىيالمىدى. قولىدا ھېچنەرسە قالمىغاچقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىغىش قىلىپ داۋالاتتى. شۇنچە يىل داۋامىدا ئۇ پۇللا يىغقان. ئەمما شۇنچىلىك كۆپ پۇل يىغىپمۇ بىرەر ئىشقا مەبلەغ سېلىپ قويمىغان، يەنى سۇغۇرتىغا قاتنىشىش، مۇقىم مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش، ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت، قىممەت باھالىق خاتىرە بۇيۇمى ئېلىپ قويۇش، پۇلغا يارىغۇدەك ئۆي سېلىپ قويۇشتەك ئىشلاردىن بىرسىنىمۇ قىلمىغان. ئۇ سۇغۇرتىغا مەبلەغ سېلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا:

— توۋا، ئەجەب ئاسان پۇل تاپىدىكەنسىلەر؟ بىزنى ئاسان پۇل تاپىدۇ دەمسىلەر؟ بىزنىڭ پۇلىمىزنى بىر موچەن مەبلەغ سالماي ئېلىپ، ئارقىدىن ئۆزىمىزنىڭ پۇلىدىن بىر قىسمىنىلا بېرىپ خۇش قىلىپ، قارىتىپ تۇرۇپلا ئالدايدىكەنسىلەر! گېپىڭلار چىرايلىق، مۇئامىلەڭلار مۇلايىم، ئاخىرىدا ھېچنەرسە بەرمەي، پەم بىلەن ئادەم بابلاشكەنغۇ؟ نومۇس قىلساڭلارچۇ! — دېگەنىدى.

ئۇ بۇنداق ئىشلارغىمۇ مەبلەغ سالمىسۇن، ئۆزىنىڭ مۇھىم ھاجەتلىرى ئۈچۈنمۇ تەكرار سوراش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق پۇل بېرەتتى. قانچە قېتىملاپ تاپا - تەنە قىلىپ، پۇل بەرگەنگە تويغۇزۇپ، سازايى قىلىۋېتەتتى... ئۇ ئىئانە قىلىش، ساخاۋەت ئىشلىرىغا كەلگەندىمۇ شۇ قەدەر چىڭلىق قىلاتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ئاز - تولا مەدەت بېرىشتىمۇ چۇپەيلىك قىلاتتى.

ئۇ پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ دەپ ئويلىغان. پۇلغا شۇنچىلىك ھېرىسمەن بولۇپ، پۇلنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى قىلىۋالغانىدى.

ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سىر ساتقۇچىنى ئىزدىگەن. بىراق ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان، دېلو مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇمۇ ناھايىتى قىيىن بولغان.

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغان: ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر ماشىنا سىر ئېلىپ كەلمەكچى بولغان. سىر زاۋۇتلىرىغا بېرىپ تەكشۈرگەن. نەچچە يىلدىن بۇيان سىر بىلەن تەمىنلەۋاتقان شىركەتلەر ۋە زاۋۇتلارنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بېرىۋاتقان سىرلىرىنىڭ باھاسىدىكى بەزى سىرلارنى بىلمەكچى بولغان. چۈنكى، بەزى كىشىلەر ئۆزى سىر ئالغان شىركەت، زاۋۇتلارنىڭ سىرلىرىنى ئۆزى ئالغاندىن تۆۋەن باھادا ئېلىش - سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ راست بولۇشى ناتايىن. ھېچقانداق يوچۇق تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى مەلۇم جايدىكى ئامباردا ھەم ئەرزان، ھەم ناھايىتى كۆپ سىرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى مەلۇم ھەربىي زاۋۇت ئىشلىگەنلىكىنى، زاۋۇت ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كېتىدىغان چاغدا قالغان سىرلىرىنى سېتىپ بولالماي باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىرىسىگە بېرىۋەتكەنلىكىنى، ئاز - تولا شېرىنكانى بەرسە، شۇ سىر بار يەرنى تېپىپ ئېلىشىپ بېرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۇ ئۇنى قاتتىق قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ ھەربىينىڭ قولىدا بولسا، چوقۇم جىك مال بولىدۇ. يەنە بىرسى، چوقۇم ئەرزان بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ - دە، ھېلىقى تونۇشتۇرغۇچىغا 500 يۈەن پۇل بېرىپ سىر بار يەرگە باشلاپ ئاپىرىپ قويۇشنى دەيدۇ. دېگەندەك، شەھەر سىرتىدىكى بىرنەچچە ئۆيدە سىر دېگەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەرنى باققۇچى كىملەرگىدۇر تېلېفون قىلىۋىدى، «ئاۋدى» ماركىلىق ماشىنا بىلەن بىر ھەربىي ئەمەلدار، ئىككى ياردەمچى ھەربىي ھازىر بولدى. ئۇلاردىكى سۈردىن ھېچقانداق ئىشتا مەسىلە يوقلۇقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. سودىدا ئاسانلا كېلىشىپ قالدى. بىراق ئۇلار بۇ ئىشنى كۆپ داۋراڭ قىلماسلىقنى، نەق پۇل ئېلىپ كېلىشنى شەرت قىلدى. ئۇ بۇ شەرتكىمۇ كۆندى. ئۇ بانكىلاردىكى پۇلىنى ئېلىپ ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارغا

ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەممىنى يۆتكەش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈك ماشىنىنى تېپىپ كەلدى ـ دە، كېچىلەپ بېسىپ ماڭدى...

مانا ئەمدى ھېلىقى سىرنى باسقان ئۆينىڭ ئورنىلا قالغان. ئۇ تاشيول ئىشچىلىرى ئەينى يىللاردا تۇرالغۇ قىلغان جاي بولۇپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاشلاندۇق ئىكەن. ھېلىقى سىرلار ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئۆيلەر ئۆرۈپ تاشلانغان. كىملەردۇر ئۇنىڭ ساق قالغان خىشلىرىنى تېرىپ ئېلىپ كېتىشكەن. زىيانلانغۇچىغا ھېچنەرسە قالمىغانىدى. ساقچىلار بېرىپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغان. زىيان ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلىدىن ئەقلى گەجگىسىگە چىقىپ قالغان سىرچىغا بولغان. بۇ ئىش شۇنداق توغرا كېلىپ قالغانمۇ ياكى بايىقى قويمىچىلار ئۇزاقتىن بۇيان مەخسۇس پىلانلاپ، زىيانلانغۇچىنىڭ خاراكتېرىدىن پايدىلىنىپ، ئاشۇنداق قاپقاننى قۇرغانمۇ، بۇنى بىر نەرسە دېمەك قىيىن! ئەمما، بۇ ئىش نۇرغۇن كىشىگە ساۋاق بەردى. بىچارە سىرچى دەرد ئىچىدە بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن شۇنچىلىك تېزلا ۋىدالاشتى.

## تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

ئۇ كەتتى، بىراق ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ساۋاق قالدى. بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىش ھەم توغرا قوبۇل قىلىش كېرەك.

1. بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛

2. تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، ئەستايىدىل ئېنىقلاش، توغرا، لاياقەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛

3. قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىزلىقنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. مۇشۇ مەسىلىلەرگە قارىتا تولۇق، ئەينەن بولغان قانۇنلۇق ئىسپاتلارنى كۆرۈش، تەكشۈرۈش، دەلىللەش كېرەك؛

4. ساتقۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ

ئېنىقلاش. كاپالەتلىك قىلغۇچى تۈرغۈزۈش كېرەك؛

5. مەھسۇلاتنى سېتىپ چىقىرىش جەريانىدىكى قانۇنىي سالاھىيىتىنى تۈرغۈزۈش، ھەقىقىيلىقىغا كاپالەت ئېلىش كېرەك.

6. بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن قانۇنلۇق توختام تۈزۈپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىنى بېجىرىش، سۇغۇرتىلاش كېرەك.

بۇ بىر قاتار تەرەپلەر مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت ۋە سېتىپ چىقىرىشتىكى بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، مەبلەغنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بەزىلەر مانا مۇشۇنداق تۈرلەردە، مەھسۇلات ۋە سودىدا زور پايدىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئالدىنىپ ئۆزىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭا زور پايدا تەمەسىدە مۇنداق تەۋەككۈل قىلىپ مەبلەغ سېلىشتىن، بىخۇدلۇق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

*　　　*　　　*

ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىشتىن ساقلىنىشمۇ ماھىيەتتە پۇل، بايلىقنى ئىسراپ قىلماي، تېجەپ قالدىغان بىر خىل پۇل تېپىش يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ تەرەپلىمە ئامىل ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىپ، ۋەيران بولۇشى، زىيان تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇبادا بىز ئاشۇ خىل ئىشلاردا ساغلام، پۇختا، ئەتراپلىق بولساق، ئۇ چاغدا زىيان كۆرۈلمەي، قولىمىزدىكى پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار ساقلىنىپ قالىدۇ - دە، ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۈك يارىتالايمىز. شۇڭا بىز بۇ يەردە ئۆز - ئۆزىدىن قويۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىشنىمۇ بىر خىل پۇل تېپىش، باي بولۇش يولى دەپ قارايمىز.

قىسقىسى، بىرىنچىدىن، ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلىنىشىمىز؛ ئىككىنچىدىن، ئەتراپلىق، پۇختا بولۇشىمىز، ئۈچىنچىدىن

تەجرىبىلەرنى تولۇق يەكۈنلەپ، تۈرلۈك بىپەرۋالىق، ئېھتىياتسىزلىق، پەم - پاراسەتسىزلىكتىن ساقلىنىپ دىتى بار، ئېپى بار بولغان، ياخشى خۇلق، ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىمىز؛ تۆتىنچىدىن، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىغان، ئالدىرمايدىغان، سەممىي بولۇپ، ئۆزىگە، باشقىلارغا ئاسايىشلىق يارىتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

# قويمىچىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك

بىز يۇقىرىدا تىجارەت جەريانىدا قويمىچىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا سىگنال بەردۇق. بۇيەردە بىز زادى قانداق قىلغاندا تىجارەت، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قويمىچىلاردىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى كونكرېت ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

## 1. مال بىلەن تەمىنلىگۈچىنى ھەقىقىي چۈشىنىش كېرەك

تىجارەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا دائىم مال كىرگۈزۈش، مال چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا بىرسى، خام ماتېرىيال كىرگۈزۈلىدۇ. يەنە بىرسى، پىششىق مەھسۇلات كىرگۈزۈلىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپنى ئەتراپلىق چۈشىنىش، تونۇش، ئۇنىڭ تۇرار جايى، مال - مۈلكى، خۇسۇسىيىتى، ئالاقە قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلىرى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش - قىلماسلىقى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىشەنچلىك دەرىجىسى، كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرى، مۇقىم ياكى مۇقىم ئەمەسلىكى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت، ئىناۋىتى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، چۈشىنىش كېرەك.

## 2. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئىمكانقەدەر ياخشى ئېنىقلاپ، راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش، ساختا ياكى ھەقىقىيلىق دەرىجىسىنى بېكىتىش كېرەك.

### 3. قانۇنلۇق ئىسپات، ئاساس تۇرغۇزۇش كېرەك

قارشى تەرەپ بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا، تەمىنلىگەن مەھسۇلات، ماللىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - ئىسپاتلارنى تۇرغۇزۇپ ياخشى ساقلاش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

### 4. قارشى تەرەپنى مال بىلەن ئالدىن تەمىنلەش، ئاندىن پۇل بېرىشكە دەۋەت قىلىش كېرەك

ھازىر ئېقىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىش، ماركا ئوغرىلاپ تىجارەت قىلىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تولىمۇ كۆپ. بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق بىر مال بىلەن تەمىنلىگۈچىنى ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. گۇمان قىلىنغاندا مال بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ ماللىرىنى كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولسا، قانچىلىك كىرگۈزسەك، شۇنچىلىكىنىڭ پۇلىنى بېرىشكە ياكى پۇلنى كېيىن بېرىشكە كۆندۈرۈش كېرەك. قانداقتۇر كىرگۈزمىگەن مالغا ئالدىن پۇل بېرىشكە بولمايدۇ. يەنە تەمىنلىگەن مىقدارغا پۇل بېرىش، پۇل بەرگەندىمۇ، قايسى خىل سېتىش ئۇسۇلىدا پۈتۈشكەن بولسا، شۇ خىل سېتىش ئۇسۇلىنىڭ تەرتىپى بويىچە پۇل بېرىش كېرەك.

### 5. كېپىل - ئىسپات تۇرغۇزۇش كېرەك

ئىپتىدائىي تىجارەت، يەنى ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇلىدا تىجارەت قىلىدىغان كىشىلەر ھەمىشە مال ئېلىپ، مال كىرگۈزسۇن، ھۆججەت، ئىسپات، توختام ياكى كېپىل تۇرغۇزمايدۇ. بۇ خىل تىجارەت ئۇسۇلى بىلەن تىجارەت قىلغۇچىلار دائىم دېگۈدەك قويمىچىلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېڭى تىجارەتكە كىرىشكەن كىشىلەرنىڭمۇ كۆپ قىسمى قويمىچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئىلمىي تىجارەت قىلغۇچىلار، بولۇپمۇ

ھازىرقى زامان ئۇسۇلىدا تىجارەت قىلغۇچىلار بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ ۋە مال بىلەن تەمىنلىگۈچى بولسۇن، ئىشلەپچىقارغۇچى بولسۇن، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن توختام تۈزىدۇ، ئاندىن مال كىرگۈزىدۇ، مالغا ئاساسەن پۇل ياكى ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. بۇ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۈنۈمى ياخشى، ئۆزىنى قوغداش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، تىجارەت جەريانىدا مال كىرگۈزگەن ياكى چىقارغاندا قارشى تەرەپ بىلەن توختام تۈزۈش، ئاندىن كېپىل تۇرغۇزۇش، مالغا ئاساسەن ھۆججەت تۇرغۇزۇش ياكى پۇل چىقىم قىلىش كېرەك. پۇل چىقىم قىلغاندا، چىقىم تالونى تۇرغۇزۇش كېرەك. توختامنى تۈزۈپ مال كىرگۈزگەندە، ھۆججەت ياكى پۇل چىقىم قىلىش تالونى تورغۇزمىغاندا، قويمىچىلار ئاسانلا توختامدىكى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپلەردىن پايدىلىنىپ قارشى تەرەپنى ئوڭدا قويىدۇ. قانۇنمۇ توختامغا ئاساسەن، ھاسىل بولغان ھۆججەت بىلەن تالوننى، ئىسپات بىلەن كېپىلنى ئاساس قىلىپ، قارشى تەرەپنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەرقانداق ئىشەنچلىك، ئۇزاق مۇددەت بىللە تىجارەت، ئېلىم - بېرىم قىلغان ياكى شېرىك قىلغان قارشى تەرەپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئارىلىقتىكى ئېلىم - بېرىمدا ئېنىق ھۆججەت، ھېسابات ئىسپاتى تۇرغۇزۇشى، ھەرقانداق شېرىن - شېكەر گەپكە ئىشەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، تىجارەتتە ھەرقانداق يۈز - خاتىرە، يول قويۇش ئۆزىنى نابۇت قىلىشقا، ئوڭدا قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇكى، ياخشىلىق، ئاسايىشلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

# قول قولنى تونۇيدۇ

ئالدىنقى كىتابتا «قول قولنى تونۇيدۇ» ماۋزۇ ئاستىدا قەرزدارلىق مەزمۇنىدىكى بەزى بايانلارنى سۆزلىگەنىدۇق، تۆۋەندە «قول قولنى تونۇيدۇ»غا سەل قاراش بىلەن ئۆزىنى قويۇش ھەققىدىكى مەزمۇننى سەمىڭلارغا سۇنىمىز.

تۇرمۇشتا دائىم تاسادىپىي پۇرسەتتە كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالىمىز. مەيلى قانداق تونۇشۇش بولسۇن، سىز ھامان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قىلىشقا دۇچ كەلمەي قالمايسىز. لېكىن زادى قانداق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىلىسىز؟ قايسى خىل ئىش، قايسى خىل سەۋەب ۋە ئۇسۇل بىلەن مۇناسىۋەت قىلىمىز؟ بۇنىمۇ دەمال بىر نەرسە دەپ بېرەلمەي قالىسىز. بۇنداق چاغدا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي ئالاقە كۈتمىگەن يەردىن ھېسسىياتقا بېرىلىش ياكى غايىۋانە ئىشىنىش سەۋەنلىكى ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىلى، «قول قولنى تونۇيدۇ» دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، مۇشۇنداق ئىش بىلەن ئۆزىنى قويۇۋەتكەن كىشىلەر ناھايىتى كۆپ.

بىر قېتىم قوشنىمىز ئۆيىنىڭ قورۇلۇشىنى بىر تامچىغا ھۆددە بەردى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكىچە ھېلىقى تامچىنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان ئاكا ـ ئۇكا قوشنىمىزنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپتۇ. قورۇلۇشنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئىشىنى تامچى ئۇستام ھېلىقى ئاكا ـ ئۇكىغا كۆتۈرە بېرىپ، باشقا جايدىن ئىش ھۆددە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار بىر كۈن ئىشلەپ، كەچ

كىرگەندە قوشنىمىزغا:

– ئۇستام بۈگۈن كەچتە كەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ تېلېفونىمۇ توختاپ قاپتۇ. بىزگە هازىر ئازراق پۇل لازىم ئىدى، سىلى بېرىپ تۇرغان بولسىلا – دەپتۇ، قوشنىمىز بۇلار مېنىڭ ئىشىمنى قىلىۋاتىدۇ، خېلى دۇرۇس، ئىشەنچلىك باللار ئىكەن. بەرسەم بېرىپ تۇراي، قالدىسىنى ئۇستىسى بىلەن دېيىشىۋالارمەن، دەپ ئويلاپ تەلەپ قىلغىنى بويىچە 1300 يۈەن پۇلنى ئۇ ئاكا - ئۇكىلارغا بېرىپتۇ. بۇ ئاكا - ئۇكىلار بۇ يەردىن چىقىپ كەچتە تامچى ئۇستامنى تېپىپ، يۇرتىدا بىر تۇغقىنىنىڭ قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ، تامچى ئۇستامدىن قالغان 2100 يۈەن پۇلنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

قوشنىمىز ئەتىسى تامچى بىلەن سۆزلىشىپ، ئەھۋالنى بىلگەن ھەمدە ئاكا - ئۇكىنىڭ ئادرېس، ئىسىملىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قويمىچىلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇلار بۇ ئىشقا نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر - بىرسىگە قاراپ قالغان. نېمە دېگۈلۈك؟ بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى زادى كىمدە قويۇش كېرەك؟ قوشنىمىز مۇنداق قاردى: ئۇ ئادەملەرنى مەن بىلمەيتتىم، ئۇلار ئىشىمنى قىلغان بولسىمۇ، تامچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇ كىشىلەر تامچىنىڭ ئادىمى، شۇڭا بۇ ئىشتىكى مەسئۇلىيەت تامچىنىڭ زىممىسىدە، مەن بەرگەن پۇلنى تامچى تۆلەپ بېرىشى، ھېچ بولمىسا، مەن تامچىغا بېرىدىغان پۇلغا ھېساب قىلىشى كېرەك. قانۇني جەھەتتىن بۇ دەل جايىدا بولغان بولىدۇ...

تامچى ئۇستام مۇنداق دەپ قاردى: مەن ئاكا - ئۇكىلارنى ئىشقا قويغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆي ئىگىسىگە ھاۋالە قىلمىدىم، پۇل بېرىشنىمۇ تەۋسىيە قىلمىدىم، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشتىكى مەسئۇلىيىتىمنى ئاكا - ئۇكىغا ئۆتكۈزۈپ

بەرمىدىم، شۇڭا پۇلنىڭ جاۋابىنى مەن ئەمەس، قويمىچىلار بېرىشى كېرەك، بۇ ئىشتا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم يوق، «قول قولنى تونۇيدۇ» - دە! مېنىڭ ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىش مەسئۇلىيىتىم يوق...

ئەخلاق، ۋىجدان نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشنى ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ھەل قىلىش زۆرۈر ئىدى. بايىقىدەك تۇيغۇلار ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قاتماللاشتۇرۇپ قويدى. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ يەردىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇلىيەت قوشنىمىزدا ئىدى. ئۇ تامچىدىن ئىبارەت ۋاستىچىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق تۇرۇقلۇق ئۆز ئالدىغا ئىشلەمچىلەرگە، قويمىچىلارغا پۇل بەرگەن ھەمدە ئۇستامنى بۇ ئىشتىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ، ئىش ھەققى بەرگەندە تۇتۇپ قېلىشنى ئۇقتۇرمىغان. مەيلى قانداقلا بولسۇن، قوشنىمىز بۇ پۇل بېرىش ئىشىدا سەل قارىغان. مۇبادا قوشنىمىز «قول قولنى تونۇيدۇ» قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، قويمىچىلارغا: «مەن سىلەرگە پۇل بەرسەم بولمايدۇ، سىلەرنى ئىشقا چاقىرغان ئادەم مەن ئەمەس، ھېلىقى تامچىنى تېپىڭلار. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پۇل بېرىش - بەرمەسلىكنى بېكىتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ ماڭا پۇل بېرىشنى ئۇقتۇرسۇن» دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بايىقىدەك ئاۋارىچىلىكى كېلىپ چىقمىغان بولاتتى.

بۇ ئىشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەيپىياتى مۇرەككەپ بولدى، كىمگە نېمە دېيىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى، يەنى قوشنىمىز ئىشلەمچىلەر قويۇپ كەتكەن پۇلنى ھېساب قىلسىلا دېيەلمىدى، تامچى مەن ھېساب قىلىۋېتەي دېمىدى. ئاخىرىدا زىيان تارتقۇچى قوشنىمىز بولدى. دېمەك مەسئۇلىيەتنى ھەر ئىككى تەرەپتە دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئاساسىي مەسئۇلىيەت يەنىلا قوشنىمىزدا.

**ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە**

بۇ ئىشتا تامچى قانداق قىلىشى كېرەك ئىدى، قوشنىمىزچۇ؟

1. تامچى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئىسمى، ئادرېسىنى ئېنىق بىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىشى كېرەك، ھېچ بولمىسا، ئۇلارنىڭ كىملىك ئۇچۇرىنى بىلىشى، ھەتتاكى كىملىكىنى كاپالەت ئورنىدا تۇتۇپ قېلىشى كېرەك.

2. تامچى ئاكا ـ ئۇكىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، چۈنكى قانۇندا ئىشلەتكۈچى يەنى، تامچى ئىشلەمچىنىڭ ھاياتى ـ بىخەتەرلىكى، شۇنداقلا مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئىش ئورنىدىمۇ مۇشۇ خىل مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئىشلەتكەن ئادەم سەۋەبلىك ئۆي ئىگىسى زىيانغا ئۇچرىسا، زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ھەمكارلىشىشى كېرەك. يەنى ئاكا ـ ئۇكا ئىشلەمچىلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇلار ئېلىۋالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

3. تامچى ھەر ئىككى تەرەپكە پۇل ئالماسلىق ـ بەرمەسلىكنى سەمىگە سېلىشى، بىخەتەرلىكنى قوغداشنى ئوقتۇرۇشى كېرەك.

بۇ يەردە قوشنىمىز بولغان ئۆي ئىگىسى مۇنداق بىرنەچچە ئىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك:

1) تامچى ئىشقا قويغان ئىشلەمچىلەرنىڭ نورمال ئىشلىشىگە دەخلى قىلماسلىقى، قىلىۋاتقان ئىشتا مەسىلە بولسىمۇ، ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى تامچىغا مەلۇم قىلىپ تۈزىتىش پىكرىنى بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئىشلەمچىنى بىۋاسىتە سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن قوسۇر تېپىش بىلەن ئىش ئۇنۇمىگە دەخلى يەتكۈزسە، مەسئۇلىيەتنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەكسىچە، مەسئۇلىيەتنى ئىشلەمچى ياكى تامچىغا ئىتتىرىپ قويماسلىقى كېرەك.

2) قوشنىمىز ئىشلەمچىلەرگە پۇل بېرىشتە ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى بىچارىلىكى ۋە گەپلىرىگە ھېسسىياتلىنىپ ئەمەس، بەلكى تامچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، تامچىنى خەۋەرلەندۇرۇپ پۇل بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كېلىپ چىققان مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ، بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان پۇلنى باشقىلارغا بېرىپ قويسا، ئېنىقكى ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋېتىش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، قارشى تەرەپنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

3) قوشنىمىز ئۇلارغا پۇل بەرگەن چاغدا ھۆججەت يازدۇرۇش، كىملىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، كىملىك، تېلېفون نومۇرىنى، تۇرۇشلۇق ئورنىنى تولۇق سۈرۈشتۈرۈش، بۇلارنى يازغۇزۇش ھەم سېلىشتۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تامچى بىلەن ھېسابات قىلغاندا بۇ پۇلنى تامچى بەرمىسە، پۇل ئالغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى تۆلەيدىغانلىقىنى ئېنىق يېزىش، ھەتتاكى قانداق تۆلەشتە، قايتۇرۇش، ۋاقىت، ئۇسۇل، جەرىمانە تەرتىپلىرىنى ئەسكەرتىپ يېزىپ، قول باسقۇزۇپ قويۇش كېرەك.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇنداق ئىش جەمئىيەتتە دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇرنىغا سۇ كىرگەنلەر كۆپ بولسىمۇ، ساۋاق ئېلىشتا ئارقىدا قالىدۇ، بېشىغا ئىش كەلگەندە دەپ ئۇلگۇرۇپ بولالماي پۇشايمان قىلىدۇ. ساددىلىقىمىز، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىزنى ھېسسىيات جەھەتتىن ئالداپ قويىدۇ، بۇ خىل ئالداش خاتا ئىش قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز؟ بۇنداق ئىشقا بىرلا قارىسىڭىز، قارشى تەرەپ سىزگە ناھايىتى ئورۇنلۇق، ھەقىقىي سۆزلەيدۇ، ئادەمنىڭ كۆچلۈك ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ، يەنى پۇل بولمىسا ئۆيگە كېتەلمەيمەن، بۇ پۇلغا ئاغرىق ئانام ياكى دادامغا دورا ئالاتتىم، بولمىسا ئۇلارنىڭ ھاياتى خەتەردە قالاتتى. ياتاقتا ياتقۇدەك پۇلۇم يوق، تالادا يېتىپ قالىمەن... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ، شۇڭا

ھەركىم پۇل بەرمەي تۇرالمايدۇ. بەزىدە ھەقىقەتەن شۇنداق ئەھۋال، ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولسا قاراپ تۇرۇشىمىز دۇرۇس ئەمەس، ھېسداشلىق قىلىشىمىز، ياردەم بېرىشىمىز كېرەك، بىراق قاراپ تۇرۇپلا ساختىلىق قىلغۇچىلارغا يۇمشاق قوللۇق قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. پۇل ياكى باشقا ماددىي نەرسىنى بېرىش زۆرۈرىيىتى بولسا، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەرەپلەرگە ئەستايىدىل قاراپ، بۇ ھەقتىكى شەرتنى ئالدىن ئادا قىلىشى كېرەك.

# پارا ئالغۇچى – ئۆزىگە دۈشمەندۇر

## پارىخورنىڭ يەكۈنى

مەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىلىدىغان، كۆپ سىرداشمىغان مەلۇم ئىدارىنىڭ سابىق رەھبىري كادىرى بىلەن چېنىقىش جەريانىدا بىرنەچچە قېتىم كوچىذا بىللە مېڭىپ تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ خىزمەتتە بىرنەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدىم. بۇنىڭ سەۋەبى بىرنەچچە قېتىم پارا ئالغانلىقتىن بولغان. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

– پارا ئېلىش ئۆزىگە دۈشمەن سېتىۋېلىش بىلەن ئوخشاش ئىش ئىكەن. پارىنى ئالغان ھېساب ئەمەس، ئۇنى سىڭىرەلىگەن ھېسابكەن. مەن ئالغان پارا بىرنەچچە مىڭ يۈەن بولسىمۇ، باشقىلارغا نەچچە تۈمەن بولۇپ تۇيۇلدى. بىر قېتىم پارا ئېلىپ بۇرنۇمغا يېگەن تۇرۇقلۇق، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئالدىم، بۇ قېتىم ھەر قانداق ئامال بىلەن ئۆتۈپ كېتىمەن دېگەن بولسامۇ، مۇمكىن بولمىدى، ۋاقتى كەلسە، پارا بەرگەن كىشىمۇ سەن بىلەن جاننى ئالىقىنىغا ئېلىپ كۈرەش قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشقا باھانە تاپقىلى بولمايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن پارىخور، ئەسلىدىن كۆڭلى قارا دېگەن نامنى ئېلىپ قالدىم، ھېلىقى ئالغان پارا ماڭا ئەسلىدە پايدا ئېلىپ كېلىش ئەمەس، بەلكى بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاخىر مېنىڭ پارا ئالغانلىقىم ئىسپاتلاندى. ئەسلىدە ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئاكتىپ خىزمەتچىسى،

مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرى ئىدىم، پارتىيەدىن قوغلاندىم، خىزمەتتىن بىكار قىلىندىم، شۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلمىدىم: بىر دەم ئاشپەزلىك قىلىپ باقتىم، بىردەم تاللا بازىرى ئېچىپ باقتىم، بىردەم باققاللىق قىلىپ باقتىم... بىراق ھېچ بىرسىدە يول تاپالمىدىم، چۈنكى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەمنىڭ باشقا ئىشنى قىلىپ ئەپلەشتۈرمىكى تولىمۇ تەسكەن. ياش بىر يەرگە بارغاندا بىرەر كەسىپنى ئۆگەنگىلى ياكى بىرەر ئىشنى قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولمايدىكەن. خىزمەتچى خىزمىتىنى قىلىشى، تىجارەتچى تىجارىتىنى قىلىشى كېرەككەن. بەش يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ 15 مىڭ يۈەن پۇل يىغدىم. ھازىر شۇ پۇلۇملا بار. ئىستېمالدىكى چوڭچىلىقىنى نەزەرگە ئالسام، ئاغرىپ قالسام، بىرەر ئىشقا جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن دەپ غەم يەيدىغان بولۇپ قالدىم. پارا ئالمىغان بولسام، خىزمەتتىن ھەيدەلمەس ئىدىم، بەلكىم ئەمىلىم ئۆسۈپ تېخىمۇ دەۋر سۈرگەن بولار ئىدىم، مانا شۇ ياخشى كۈنلەرنى كۆز ئالدىمدىكى پايدا - مەنپەئەتنى دەپلا بەربات قىلىۋەتكەن.

تونۇشۇمنىڭ دەردلىرى بەك كۆپ ئىدى، ئۇ خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى قىيىنچىلىق ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى بەك قىزىقارلىق سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق، بەزىلىرى شۇنچىلىك كۈلكىلىك بولۇپ، مېنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى.

- خوپ بوپتۇ، بەزى ئادەملەر قىلغان - ئەتكەن ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى ھايات بولسىلا كۆرىدۇ. ياخشىلىق قىلغان ئادەم ياخشىلىق كۆرىدۇ، يامانلىق قىلغان ئادەم يامانلىقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. پارا ئېلىش، پارا

بىرىش ئەخلاقسىزلىق بولۇپلا قالماستىن، قانۇنسىزلىق. ئۇنى پارتىيە، ھۆكۈمەت توسىدۇ، قانۇن چەكلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، پارتىيە، خەلق بەرگەن ھوقۇق، ئىمتىيازنى پارا ئېلىشنىڭ يانتايىقى قىلسا، ھەققانىيلىق ۋەيران بولىدۇ، ھەققانىيلىق ۋەيران بولسا، ئېنىقكى ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ، خاتالىق ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ، تۇرمۇشنى بەربات قىلىدۇ، پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.

— بەرھەق، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — پارا ئالدىڭمۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ سەندە بىر خىل دەككە ـ دۈككە پەيدا بولىدۇ، ياكى مېنىڭ شۇنداق يۈزۈم تۆۋەن، ۋىجدانىم كۈچلۈكمۇ؟ بىلمىدىم، ئارامخۇدا ياتالىغان ئەمەسمەن. بۇ ئەڭ يامان تەرىپى. پارا بەرگۈچى مەندىن قاچان ئىشنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى سوراپ قالسا نېمە دەرمەن، قاچان ئىشنى ھەل قىلغىلى بولار؟... دېگەندەك سوئاللار مېڭەمنى يەپ، روھىمنى قىينايتتى. ۋاي ئاللا، تاشلاپ بېرەي دېسە ئادەمنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ بولغان پۇلنى، مەنپەئەتنى قايتۇرۇپ بەرگۈسى كېلەمدىغان؟! توۋا، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى بېرىدىغان ئەمەس، بەرمەيدىغان تەرەپكە چىقىيدىغان گەپ. بۇ سېپى ئۆزىدىن نومۇسسىزلىق ـ دە؟ بىراق شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئاشۇ بىچارىلىكنىڭ غېمىدە ئۇھ تارتىپ، ئىچ ـ ئىچىڭدىن سېرىلىسەن، پارا بەرگەن ئادەم باشقىلارغا دەپ قويارمۇ، ئىشنى ۋاقتىدا قىلىپ بېرەلمىسەم، مېنى رەسۋا قىلارمۇ؟... ئىشقىلىپ، بۇنداق ئازابلىق ھېسسىيات ئادەمنىڭ روھىنى ئازابلاپ، نېرىپلىرىنى يەپ، كاردىن چىقارغىلى تاسلا قالىدۇ، بۇ چاغدىكى ئازاب ئالغان پارىنىڭ قىممىتى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، ئالغان پارىنىڭ قىممىتىدىن تارتىدىغان ئىچكى ئازابنىڭ قىممىتى نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ. پۇلنىڭ بىر ئۇچى بېلەكتە دېسە، يەنە بىر ئۇچى يۈرەكتە دەيدۇ، پارا بەرگەن ئادەمدىمۇ دەل شۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ، پارا بەرگۈچى مەيلى قانداق بولسۇن بەرگەن بولسىمۇ چىدىماي، بەرگۈسى يوق تۇرۇپمۇ بېرىدۇ...

## كۆپ يېگەن پوق يەيدۇ

قەشقەردىكى چوڭ دوختۇرخانا كېرەمباغقا بىرنەچچەيلەن دوستىمىزنى يوقلاشقا باردۇق، دەل شۇ ياتاقتا ياتقان يەنە بىر كىشى بىلەن كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، تونۇغاندەك قىلسامۇ، كىملىكىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئۇ مېنى چاقىرىپ، قولىنى تەڭلىدى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مەن خېلى ئۇبدان تونۇيدىغان پېشقەدەم سوتچى زاھىر ناۋات ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ، بوغۇزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، تىلىنى تامىقىغا تىكىپ قويۇپتۇ، گەپنى قىلسىمۇ چالا قىلىدىكەن، تاماق يېيەلمەيدىكەن، شۇڭا مانا ئەمەدى ئەرۋاھتەك بولۇپ قاپتۇ، كېسەللى تېخى ساقايمىغان بولۇپ، ئۇرۇمچىگە ياكى ئىچكىرىگە بېرىپ داۋالىنىپ كەلسىلە دەپتۇ، پات ئاردا شۇ يەرگە ماڭىدىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ مەجبۇري ھالدا پېنسىيەگە چىقىرىلىپتۇ، ئاردىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇنىڭ تامىقىغا بىر دانە سۇلۇق مونەك پەيدا بوپتۇ، كېيىن بوينى - بوغۇزى، قۇلاق ئەتراپى ئىششىپ ئاغرىپ، تاماق تۇگۇل سۇمۇ ئۆتمەي قاپتۇ. بولالماي دوختۇرخانىغا بارسا، بادام بەز ئىششىقى ئىكەن، ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ دەپ ئوپېراتسىيە قىلىپتۇ، لېكىن ئۇنۇمى ياخشى بولماپتۇ...

مەن بۇ ئادەمنى خېلى يىللاردىن بۇيان تونۇيتتۇم، ئۇ ھەتتاكى بىر نەۋرە تۇغقىنىمنىڭ بىر قېتىملىق ھەق تەلەپ دەۋاسىنى سوت قىلىپ، بىر يىلدا ھۆكۈم چىقارغان، شۇ جەرياندا ئۇ ھۆكۈمدە بۇيرۇلغان پۇلدىن كۆپرەك نەرسىنى يەپ بولغان، ئۇ ئادەم كۇنىبويى ئۆيىگە كىرمەيتتى، سىرتلاردا ئۆزىنى باشقىلارغا مېھمان قىلدۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىرنەچچە «تۇمۇچۇقى» بار ئىدى، ئۇ «تۇمۇچۇق»لار نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ

تامىقنى يەپ، سورۇنلاردا، مېھمانخانىلاردا كۆڭلىنى ئالاتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ كەم بولسۇن، دەۋاغا چېتىلغانلاردىن ھەر ئاماللار بىلەن پارا ئېلىپ، ئاشۇ ئەيش - ئىشرەت، ئويۇن - تاماشىلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ پارا ئېلىشتىكى يۈزى قېلىنلىقىدىن، شۇنداقلا شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈنۈشتە جاۋابكار بىلەن زىيانلانغۇچىغا قىلىپ قويىدىغان قىزغىن مۇئامىلىسىدىن كىشىلەر ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ ئارقىسىغا «ناۋات»نى لەقەم قىلىپ قويغانىدى. ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، دۆلەت قۇشى ئۇچۇپ، ھەتتاكى بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى، ئاشكارا ھۇجۇم قىلغانلارمۇ بولدى، بۇ ھېكايىلەرمۇ جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىپ ئېقىپ يۈردى، بۇ يۈزى قېلىن ئادەم ھەممىسىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى بولغان مەلۇم بىر ئادەممۇ ئۇنى رېستورانغا باشلاپ كىرىپ، مەست قىلىپ قويۇپ، ھېساباتقا ئۇنى ئىگە قىلىپ، پۇل تۆلەش تالونىغا ئۇنىڭ ئىمزاسىنى قويغۇزۇپ كېتىپ قاپتۇ... مانا ئەمدى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى يامانلىشىپ كېتىپتۇ. ھەممىدىن يامان يېرى شۇكى، كېسەل ئۇنىڭ ئەڭ يامان يېرى بولغان كانىيىدىن «تۇتۇپتۇ»!

— تۇۋا، تۇۋا، — دېدىم مەن دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ دوستلىرىمغا، — بايىقى ئادەم بىر ساۋاق. چۈنكى، ئۇ پارا ئالسىمۇ تۇتۇلمايدىغان، يېسىمۇ كۆزى تويمايدىغان، يانچۇقى تولسىمۇ قانائەت قىلمايدىغان سوتچى ئىدى. ھارام يېگەنلىرى مانا ئەمدى كانىيىدىن «تۇتۇپتۇ»، يالغان سۆزلىگەن تىلىنى تامىقىغا تىكىپ قويۇپتۇ. تۇۋا - تۇۋا...

بۇنداق پاكىتلار كۆپ. بىز پارا ئېلىپ پاش بولغان، جازاغا تارتىلغان رەھبەرلەرنى، كەسپىي خادىملارنى، مەمۇرلارنى ئەتراپىمىزدا كۆپ ئۇچراتتۇق. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ قولىدا

ھوقۇقمۇ، پۇلمۇ بار. لېكىن ئۇلار پۇلغا، پارا ئېلىشقا زىيادە خۇشتار بولۇپ كەتكەن. كۆزى زادىلا تويمىغان، ئاچ كۆزلۈك، سەممىيەتسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك، ۋاپاسىزلىق ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، كۆز نۇرىنى توسىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى بەكمۇ ئېچىنىشلىق!

بىر ئادەمگە نىسبەتەن بايلىق ھېسابسىز بولسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ، شۇنداقلا بىر ئادەم ئۈچۈن ھېسابسىز ياخشىلىق، سەممىيلىك، ھەققانىيلىقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنى جارى قىلدۇرغاندىلا، قىممىتى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېسابسىزلىقمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئەمما بىر نەرسە ئايانكى، بىر ئادەمگە يېتەرلىك ماددىي سەرپىيات ئۈنچىلىك ھېسابسىز، كۆپ بولمايدۇ، بەلكىم ناھايىتى ئاز ۋە چەكلىك بولىدۇ. ئاشۇ چەكلىك ئېھتىياجغا قېنىشنىڭ ئۆزىلا ھاياتنى قىممەتكە ۋە كەڭ ئىستىقبال، بايلىق، باياشادلىققا سازاۋەر قىلالايدۇ. شۇنداق ئىكەن، شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى، ئېھتىياجدىن ئارتۇق بايلىق ۋە توپلانمىلارنى ھاياتنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىشقا زورۇقۇش ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك بولماسمۇ؟ پارا ئالغان ۋە جازاغا تارتىلغان ئاشۇ پارىخورلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى ۋەيران بولدى، كىشىلىك قەدىر - قىممىتى ھەمدە ئۇزاق يىللار داۋامىدا ياراتقان تۆھپە، ئابىدىلىرى بىراقلا يوققا چىقتى.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

كونىلاردا: «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن» دەيدىغان گەپ بار. بۇ بەكمۇ ئاساسىي بار يەكۈن. مەيلى بۇرۇنقى زاماندا بولسۇن، مەيلى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن، پارا ئېلىش، پارا بېرىش ئىزچىل چەكلىنىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارا بەرگەنلەرمۇ، پارا ئالغانلارمۇ پۇشايمان قىلىدۇ، ئۇنداقلار بۈگۈن ساق قالسىمۇ،

ئەتىسى ئەدىپىنى يەيدۇ. كۆمۈلۈپ قالغان، ئاشكارا بولماي قالغانلار بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ خەلقئالەم ئالدىدا، قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

پارا بېرىش بىلەن پارا ئېلىشتا پارا بەرگۈچى بىرىنچى ئامىل، يەنى بىرىنچى ۋاستە بولىدۇ، چۈنكى پارا بەرگۈچى بولغاچقىلا، پارا ئالغۇچى بولىدۇ. پارا ئالغۇچىنى پارا بەرگۈچىلەر يېتىشتۈرىدۇ. ئەگەر پارا بەرگۈچى بولمايدىكەن، پارا ئالغۇچى ھەر قانچە كۈچىسىمۇ نەتىجىسى بولمايدۇ.

پارا ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە دۈشمەن توپلىغۇچىلاردۇر. چۈنكى ھېچكىم ھېچقاچان بەرگەن پارىسىنى ئۆزى خالاپ بەرمەيدۇ، بەلكى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ، باغرىنى تىلىپ تۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى نارازىلىقتا ھەر قانداق بىر كۈچ تەڭ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. ھالبۇكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر دۇنياسىدا ئادەملەرنىڭ تۇتقان يولى، پەزىلىتى، ساپاسى ئوخشاش بولمىغاچقا، پارا بېرىدۇ ياكى پارا ئالىدۇ. پارا بەرگۈچىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشسىمۇ، ئېھتىياج - ئىشىنى ھەل قىلىش داۋامىدا ھەممە ئازاب، نومۇسسىزلىق، ۋىجدانسىزلىققا چىدايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ساپاسىز، قارا يۈرەك، كىشىنىڭ رىزقىدىن قورقمايدىغان كېلىدۇ. پارا ئالىدىغانلارمۇ قارام، نەپسانىيەتچى، شەخسىيەتچى، كۆزى تويماس، كۆڭلى قارا، دىيانەتسىز كېلىدۇ ۋە ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ.

پارا بەرگۈچىمۇ، پارا ئالغۇچىمۇ ئۆزىنى ئۆزى قويغۇچىدۇر. چۈنكى پارا بەرگۈچى قىلمىشىنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پارا بېرىدۇ. پارا بېرىش ئارقىلىق بىكارچىلار غۇرۇرىنى، نومۇسىنى، مال - مۈلكىنى، مەنپەئەتىنى پايخان قىلىپ باشقىلارغا دەسمايە قىلىپ بېرىپ، دەردمەن بولىدۇ. پارا ئالغۇچى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە قارشى تەرەپنىڭ غەزەپ -

نەپرتى، زىيان ـ زەخمەتنى ئۆزىگە ھامىي قىلىپ، مەڭگۈلۈك يوشۇرۇن دۈشمەنگە ئېرىشىدۇ. ئۇ گەرچە باشقىلارنىڭ مۈلكى بەدىلىگە بايلىققا ئېرىشىپ، دەمال قانائەت ۋە شادلىققا ئېرىشسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئېرىشىدىغىنى خىرىس ۋە جاۋابكارلىق بولىدۇ.

قىسقىسى، پارىخور ئەزەلدىنلا ياخشى كۈن كۆرگەن ئەمەس. بۈنى چەكلەشنىڭ ئىككى مۇھىم تەدبىرى بار: بىرسى، پارا ئالغۇچى ئۆزىنى سەممىيەت ۋە ساداقەت ئۇقۇمى بىلەن تەربىيەلەپ، پارا ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەرىكەت جەريانىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك؛ يەنە بىرسى، پارا بەرگۈچىمۇ ئۆزىنى ئاڭلىق توسۇپ، پارا بەرمىسىمۇ ھاجىتى راۋا بولىدىغان ئۇقۇم بىلەن مېڭىشنى بىلىشى، پارا بېرىشنى كەسكىن رەت قىلىشى، ئۆزىنى چەكلەش، شۇنداقلا باشقىلارنى چەكلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بەزىلەر بىرەر ئىشنى قىلىشتا پارا بەرمەي ئامال يوق، يولمۇ يوق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماڭىمىز دېسەك يول بەك كۆپ، گەپ ئۇنى قانداق مېڭىش ۋە قانداق تېپىشتا. 1. پارا بەرگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىدە پۇختا ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، پارا بەرمەيمۇ ھەر قانداق ئىشنى قىلىمەنغۇ دەيدىغان ئىدىيەۋى تۈيغۇ ھاسىل قىلىشى كېرەك؛ 2. پارا بەرمەي ھەل قىلىدىغان يوللارنى ياندىن ئىزدەپ، باشقىچە يول، ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك؛ 3. پارا ئالغۇچىغا پاكىت سۆزلەش، مەسىلىلەرنى تەتبىقلاشتىكى نۇقتىلارنى تونۇشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىش قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە كۆرسىتىش كېرەك؛ 4. پارىخورلارنىڭ ئاچچىق ساۋىقىنى قوبۇل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈز كېلەلەيدىغان ئىش قىلىش، ئوبرازىنى، غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش

تەربىيەسىنى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ 5. زىتلىغا تېگىشتىن ساقلىنىش، روھىنى تاۋلاش، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئەڭ مۇھىم بولغان بىر نەرسە، مۇناسىۋەت ئۇقۇملىرىدا چوقۇم مەدەنىيەت كەيپىياتىنى بەرپا قىلىش كېرەك. كىمنىڭ مەدەنىيەت ئۇقۇمى چوڭقۇر بولسا، شۇ ئالدى بىلەن پارا بېرىشنى ئۆز خاھىشى، ئۆز روھىيىتى، ئۆز ھەرىكىتىدىن چىقىرىپ تاشلىيالايدۇ. ساغلام ساپا، كۈچلۈك ھەققانىيەت تۇيغۇسى پارا بەرگۈچىلەرنى بەربات قىلىدۇ.

# نامۇۋاپىق چاغدا قەرز سۆيلەش

مەلۇم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرىدىن بىرەيلەن ئۇزاق يىللىق تىجارەت قىلىش داۋامىدا زاۋۇتتىكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن كۆڭلى يېقىنلاردىن بولۇپ قالغانىدى. بىراق بىر نەپەر مالىيە خادىمى دائىم ئاشۇ خېرىدار مەھسۇلات ئېلىش جەريانىدا نېسى قالغان پۇلىنىڭ غەلۋىسىنى قىلاتتى. مالىيە خادىمىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويىۋاتقىنى زاۋۇتتىكى ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ «كۆڭۈل ئىلتىپاتى» دىن بولۇۋاتقان ئىش، ئۇلار بۇنىڭ بەدىلىگە نەپ ئېلىۋاتىدۇ. مالىيە خادىمى بولسا بۇنىڭ سىرتىدا قالغان، ئۇمۇ بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا تامامەن مۇناسىپ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، مالىيە قائىدىسى بويىچە ھېلىقىدەك نېسىچىلىككە يول قويىدىغان مۇھىم ئادەم ئۆزى ئىدى! مۇبادا ئۇ ئۇنى قەتئىي چەكلەپ، مالىيە قائىدىسى بويىچە ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مال، مەھسۇلات پۇلىنى خالىغانچە نېسى قىلىپ، پايدىلىنىشى مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭا ھە دېگەندە، ھېلىقىدەك مۇھىم، چۆپقەت خېرىدارنى چوقۇلاپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇناتتى، ھېلىقىدەك ياخشىلىقى ئۈچۈن خۇشامەت، خوش - خوشنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى ئاشۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق خىيالىنى بىلىدىغان خېرىدار ئۇنى كۆزگىمۇ ئىلىپ قويمايدىغان بولۇۋالدى. بىر قېتىم كۈتمىگەندە مالىيە خادىمى بىلەن ھېلىقى خېرىدار لىققىدە ئادەم ئولتۇرغان كوچا ئاپتوبۇسىغا بىللە چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا مالىيە خادىمى نېسى مەھسۇلات ئالغان خېرىدارنى مازاق قىلىش، يۈزىنى تۆكۈش ئۈچۈن:

— ھېلىقى پۇلنى قاچان بېرىلا؟! سىلىنىڭ بويتۇرۇق - سۆلەتلىرىنى كۆرسە ھارۋا تارتالمايدۇ... مەھسۇلاتنى ئالغاندىكىن، بالىسىنى يېگەن مۇشۇكتەك يوقاپ كەتمەي، پۇلنى بېرىۋېتىپ، نەگە بارسىلا بولىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن گېپىدە تۇرىدىغان، ئالىدىغان چاغدا ۋاي، خوش غوجام دەپ تەزىمدە پۈت يالىغان، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. ئۆزلىرى تېگىدىن داپيۇز، يۈزلىرى ئېشەكنىڭ تېرىسىدىنمۇ قېلىن ئادەمكەنلا!— دېدى.

مالىيە خادىمىنىڭ بىھۇدە گەپ قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئولتۇرغان خېرىدار ئۇنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇيان - بۇياتتىغا قاراپ قويۇپ ئولتۇرىۋەردى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتىگە ئالمىدى، ئاپتوبۇستىكى ئادەملەر مالىيە خادىمىنىڭ كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. گېپىنى ئىلىك ئالدۇرۇشقا ئۇرۇنغان مالىيە خادىمى ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغاندا ئاپتوبۇس كېيىنكى بېكەتكە كېلىپ، ھېلىقى خېرىدار چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ چۈشۈپ قالدى. مالىيە خادىمى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، ئاپتوبۇستىكىلەر ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارىدى ھەمدە كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ، مەسخىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. ھېلىقى خېرىدار شۇ يەردىن يېنىپ، زاۋۇتقا بېرىپ، مالىيە خادىمىنىڭ يولسىزلىق قىلغانلىقىنى، ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بايىقىدەك قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مەسخىرىگە قالغانلىقىنى دەپ، ئۇنىڭ ئەپۇ سورىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مالىيە خادىمىنىڭ قىلغانلىرى ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك بولۇپ، بۇنداق سورۇندا باشقىلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش يولسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خېرىدار بۇ ئىشتىن بەكمۇ رەنجىدى ۋە قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇ ھەتتاكى، ئۆزىدە قالغان 5000 يۈەنگە

يېقىن پۇلنى بەرمەيدىغانلىقى، ئۇنى مالىيە خادىمىغا تۆلىتىۋېلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى بۇ زاۋۇتقا مىليون يۈەنلىك ئىش قىلدۇرىدىغان خېرىدار زاۋۇتقا ئىش بۇيرۇتمايدىغان، زاۋۇتقا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. زاۋۇت باشلىقى بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ زاۋۇتىدىكى ئادەملەرنىڭ ساپاسىزلىقى، مۇلازىمەت - پوزىتسىيەنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، بەكمۇ ئەپسۇسلاندى ھەمدە ھېلىقى نېسى قالغان پۇلنى ئۆزىنىڭ تۆلەپ قايتۇرۇشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپغا قويدى. بۇ بىھۇدە ئىش پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى، كېيىن نېسى قالغان پۇل توغرۇلۇق ھېچكىم ئېغىز ئاچالمىدى، زاۋۇت رەھبەرلىرى بۇ پۇلنى قاچان بولسۇن، مالىيە خادىمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە بۇيرۇدى. يىل ئاخىرىدا بۇ پۇلنى مالىيە خادىمى ئۆزلۈكىدىن تۆلەپ قويدى...

دېمەك بىچارە مالىيە خادىمى باشقىلارنى گەپ بىلەن چۈشۈرمەن، ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، باشقىلار ئالدىدا ئوبرازىنى بەربات قىلىمەن دەپ ئاخىرىدا ئۆزى قويۇلۇپ كەتتى.

جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىش بەك ئېغىر بىر ئىجتىمائىي ھادىسە. مۇناسىپ بولمىغان يەردە گەپ سوراش، گەپتە چېقىۋېلىش، ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايرىم كىشىلەردە ئادەت بولۇپ قالغان خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزدە شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار بىر ئامالنى قىلىپ، بىھۇدە چاغلاردا گەپ تېپىپ، پىتنە - ئىغۋا تېرىپ، كىملەرنىدۇر يەرگە ئۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنى ئەمەس، ماھىيەتتە ئۆزىنى قويىۋېتىدۇ. مەسىلەن، ھېچ بولمىسا، باشقىلار ئۇنى ناچار، تۇتامى يوق ئادەم ئىكەن دېسە، ئەيىبلەنگۈچى بايىقىدەك ئۇسۇللار بىلەن غۇرۇرى، ۋىجدانىنى قەرزدار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قويىۋېتىدۇ.

**تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش**

1. نامۇۋاپىق چاغدا بايىقىدەك قەرز سۆيلەشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2. گەپ قىلغاندىمۇ ئەتراپقا قاراش، مۇۋاپىق سورۇن، مۇھىت، شارائىتنىڭ بولۇشىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

3. خاراكتېر خاسلىقى، يەنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باشقىلارغا تاڭماسلىق، مۇستەقىل پىكىر قىلىپ، ئەدەپ - ھايا بىلەن ئۆزىنى قوغداش، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈش، ئىلھامى سۆزلەر بىلەن ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش كېرەك.

4. ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشقا ئارىلىشىۋالماسلىق، كىمگە تەئەللۇق بولسا شۇ سۆيلەش كېرەك.

5. باشقىلارنى كەمسىتىش، مۇناسىپ بولمىغان سورۇنلاردا غورۇرىغا تېگىش... لەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتسىزلىك بولۇپ، كىم بولسۇن، شۇ خىل ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇ چوقۇم يەرگە قارىماي قالمايدۇ. مەدەنىي، تەربىيە كۆرگەن، ئەدەپ - ھاياسى بار ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ناچارلىقى، مەدەنىيەتسىزلىكىنى ئاشۇنداق سورۇنلاردا ئاشكارىلاپ قويمايدۇ. بەلكى مۇناسىپ سورۇن، مۇناسىپ روھىي كەيپىيات ئاستىدا ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپ، قارشى تەرەپنى رازى قىلىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان خاسلىقى ئارقىلىق ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ.

# باشقىلارنى قەستلەش

ئەمەلدارلىق كوچىسى ئەمەلىيەتتە خېلى مۇشكۇل كوچا بولۇپ، ئۇ بەزىلەرگە نىسبەتەن نەيرەڭ بىلەن رەڭلىنىدىغان كوچا ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل ئاشۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، ھەتتاكى كەسپىي «ھۈنەر» بولۇپ شەكىللەنگەن. «نېمىنى تىلىسەڭ، شۇنى تاپارسەن» دېگەندەك ئۇنداقلار راستىنلا ئەمەل تاجىغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا كىم نېمە دېسە، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. بىراق دەل ئۇنداق ئادەملەرنىڭ چاكىنىلىقى ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ. ئۇلار ئار - نومۇسنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ئۈچۈن خۇپىيانە ۋە بەزىدە ئاشكارا زەھەرخەندىلىك قىلىدۇ، قىلتاق قۇرۇپ، ئۆز پايدىسىنى قوغدايدۇ.

## يوقالغان ئەمەل تاجى

بىر قېتىملىق ئەمەلدار ئۆستۈرۈشتە مەلۇم ئىدارىدىكى ئىككى ئادەمنى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرىغا يوللاش قارار قىلىنغان، ئادەمنى ئۆستۈرۈشكە يەنە بىر ئادەمنىمۇ نامزات قىلىپ كۆرسىتىش تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ كادىر ئۆستۈرۈشتىكى تەلەپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھېلىقى ئىدارە بىرىنچى ئورۇنغا يېزىپ يوللىغان ئادەم رەسمىي رەۋىشتىكى ئۆستۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ، ئىككىنچى رەتكە تىزىلغىنىدىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، ھالبۇكى، بىرىنچى ئورۇندىكى كىشى ئۆزىگە خىرىس پەيدا قىلغان ئىككىنچى ئورۇندىكى

كىشىگە ئاز ـ تولا زەربە بېرىپ قويۇش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قاراپ، تەشكىلات تارماقلىرىغا قارشى تەرەپنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى يوللىغان. ئۇنىڭ كۆپ قېتىم خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلغانلىقىنى، سىياسىي سەزگۈرلۈكى تۆۋەن بولغاچقا، جەمئىيەتتە بىر قىسىم يامان تەسىرلىك گەپلەرنى قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلغانلىقىنى، مالىيە ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك قىلىپ، قاقتى ـ سوقتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتە ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى پاش قىلغان. بۇ گەپ قارىماققا ھېلىقى بىر ئادەمگە بېرىپ تاقىلىدىغاندەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتىن پۈتۈن ئىدارىنىڭ يېتەرسىزلىكى بولۇپ قالغانىدى. تەشكىلات تارماقلىرى بۇنى بىلىپ، مەسىلىنى ھېلىقى ئادەمگە يۈكلەپ قويماستىن، ئىدارىنىڭ خىزمەتلىرىدە يوچۇق كۆپ ئىكەن، ئىدارە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتكە سەل قارىغان، مالىيە ئىشلىرىدا يوچۇق قويغان، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتە كەڭ قول بولۇپ، قانۇن ـ تۈزۈمگە بويسۇنمىغان، دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىدارە رەھبەرلىرى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ھەمدە پاش قىلغۇچىنى ئىزدەشكە كىرىشكەن، گەرچە پاش قىلغۇچى ئىسىم ـ فامىلىسىنى قالدۇرمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پاش قىلىش خېتىنى نەدە يازغانلىقىنى، نەدە كۆپەيتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىگىسىنى تېزلا تېپىۋالدى، بۇ بىرىنچى ئورۇنغا ئىسمى تىزىلغان ئادەم بولۇپ، ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئىدارە تەشكىلات تارماقلىرىغا قايتا دوكلات يېزىپ، قاراردىن يېنىۋالدى ۋە ھېچكىمنى ئۆستۈرمىدى. ئاردىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھالبۇكى ھېلىقى ئەمەل ئۇنىڭغا قايتا نېسىپ بولمىدى. ئۇ باشقىلارنى قەستلەپ پاش قىلىش بەدىلىگە ئۆزى ئەمەل تاجىدىن قۇرۇق قالدى.

## ئىمزالىق خەت

كىچىك بىر ئەمەلدار قول ئاستىدىكى بىرنەچچەيلەننى باشقۇرۇش جەريانىدا بىرسىگە بەكمۇ ئۆچ بولۇپ قالغان. بۇنداق بولۇشىدا ئۇ خىزمەتچى دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بولمىدى دەپ قۇسۇر تېپىپ، ئارام بەرمىگەن. كىچىك ئەمەلدار ھەمىشە ئۇنى چوڭ ئەمەلدارلارغا چېقىپ، دادلاپ بېرىدىكەن، بىراق چوڭ ئەمەلدار ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان كىچىك ئەمەلدار بىر پارچە ئۇچۇق خەت يېزىپ، باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمزاسىنى قويغۇزۇپ، ئۇنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن. نەچچە كۈندىن كېيىن، ھېلىقى خىزمەتچى بىلەن كىچىك ئەمەلدارنىڭ جېدىلى سۈرۈشتە قىلىنغان، كۈتمىگەندە، كىچىك ئەمەلدارنىڭ كەينىدىن بېرىلگەن پىكىر ۋە ئۇ قىلغان بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلار كەينى - كەينىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان. ھېلىقى ئىمزا قويغانلارمۇ بىر مەجبۇرلانغان دەپ يېنىۋالغان. چوڭ ئەمەلدار ئۆزىگە ئاشكارا بولمىغان نۇرغۇن ئىشنى بىلىپ ھەيران قالغان، شۇنىڭ بىلەن خاتالىقنى كىچىك ئەمەلداردىن كۆرۈپ، ئۇنى ئادەتتىكى خادىم قىلىپ باشقا ئورۇنغا يۆتكىۋەتكەن. كونىلاردا: «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دەيدىغان گەپ بار. «قورققان بالدۇر مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك ماڭا بويسۇنمىغان ئادەمنى بويسۇندۇرىمەن دەپ ئۇرۇنۇپ، باشقىلارنى پاش قىلىش ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنى قويۇۋەتكەن.

## بارماق ئىزى

مەلۇم ئورۇندا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن بىر ئەمەلدارنى

يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلار ئۆز دەرىجىسى بويىچە باشقا جايغا يۆتكىمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ئەمەلدار مەن بۇ يەردە جان - جەھلىم بىلەن ئىشلەپ، يېرىم ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم، بۇ يەردە قىلغان ئىشلىرىم شۇ پېتىچە قالسا قانداق بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، قورسىقى بەكمۇ كۆپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس يېزىپ، ئۆز ئورنىغا بولغان ئۆتتەك قىزغىنلىقى، مۇھەببىتىنى نامايان قىلىدى، بىراق ئۇنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى، مەسىلە تېخى ھەل بولماي تۇرغان ئەھۋالدا ھېلىقى ئەمەلدار يۇقىرىغا بىر پارچە ئىلتىماس دوكلاتى يېزىپ، 30 نەچچە خىزمەتچىنىڭ ئىمزاسىنى يازغۇزۇپ، بارمىقىنى باستۇرۇپ، يۇقىرىغا سۇنىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك تارماق شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئومۇمىي خىزمىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ يەردە يەنە بىرنەچچە يىل ئىشلەپ تۇرۇشىنى ئويلىشىشقا باشلىغان، دەل شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئىمزالىق خەت يېتىپ بارىدۇ. بۇنى كۆرگەن رەھبەرلەر قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش تەرتىپكە خىلاپ بولۇش بىلەن بىر چاغدا جامائەت پىكرىنى كۆپەيتىپ، مۇقىم ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر كۇنمۇ ئۇ يەردە تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، دەرھال باشقا جايغا يۆتكەش كېرەك، دەيدۇ - دە، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھېلىقى ئەمەلدار باشقا جايغا بارغاندىن كېيىن، يەكلەشكە ئۇچراپ خورلۇق ھېس قىلىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق ئۇنى ئوڭدا قويىدۇ.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

«باشقىلارنى قەستلىگەن ئادەم ئۆزىنى قەستلەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. مەيلى ئەمەلدارلىق كوچىسى بولسۇن ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەر كەچمىشى بولسۇن، ئۇنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە ھامان نەيرەڭۋازلىق، شەكىلۋازلىق مەۋجۇت. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ بىرلا

تەرپى، يەنە بىر تەرپى چوقۇم ساپلىق، سەممىيلىك ۋە ھەققانىيلىق بولۇپ، نەيرەڭ، شەكىلۋازلىقلارنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردىكى گەپ ۋە ئىش ھەققانىي، جانلىق، ئەمەلىي ۋە ئىبتىراپ قىلىنغان بولۇشىدا. ساختىلىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانداق ئىش بولسۇن، ئادەم ئۆزىنى گۇماندىن خالىي، شەخسىيەتسىز رەۋىشتە تۇتۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەم غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلمايدۇ، ۋىجدانى ئازاب چەكمەيدۇ، ھەم بىھۇدە ئىشلارنى قىلىشتىن ، ئۆزىنى ئالداشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئاشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئالدىرىماسلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ھەققانىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك. ·

# باشقىلارنى ئالداش ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالداشتۇر

باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئالداش ۋاستىسى ياكى غەيرىي ۋاستە بىلەن ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى سادىر قىلىش جەريانى قويمىچىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ، قويمىچىلىقنىڭ ۋاستىلىرى كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كېتىش، ئالغان نەرسىنى ۋاقتىدا بەرمەسلىك، ئىسپات ـ ئاساسى تولۇق بولماي، نامەردلىك قىلىشتەك بىر قاتار سەلبىيلىكلەرنىڭ ھەممىسى روشەن مەۋجۇت بولىدۇ. قويمىچىلىق باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى، مال ـ مۈلكى بەدىلىگە ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تەپ تارتماي باشقىلارغا زىيان سېلىشنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەتكە ياتىدىغان قىلمىش بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇنداق ئىشلارنى ناھايىتى يامان كۆرگەن ھەمدە ئۇنى روھىي كامىللىق ئارقىلىق چەكلەپ، ئەخلاقىي ساپا ئارقىلىق توسۇپ، ئەل ئارىسىدا قويمىچىلىققا يول قويمىغان. ئۇلار بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىشنى يامان بولىدۇ دېسە، لەۋزىدە تۇرماسلىقنى ۋىجدانسىزلىق دېگەن؛ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە كۆز قىزارتىشنى ئاچ كۆزلۈك، بىچارىلىك، نادانلىق دېسە، ئالغان نەرسىنى، يەنى قەرزنى قايتۇرماسلىقنى نامەردلىك، پەزىلەتسىزلىك دېگەن ھەمدە شۇنداق ئىشلارنى ئۆزلىرىمۇ قىلمىغان، باشقىلارنىڭ قىلىشىغىمۇ يول قويمىغان؛ ساپ دىل، لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەملەرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ، ئەزىزلەپ قەدرىنى قىلغان، تۆرگە چىقارغان؛ نامەرد، نادان، ئاچ كۆز،

ۋىجدانسىز ئادەملەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈزمىگەن. ھالبۇكى، ئەخلاق - پەزىلەتتىكى ياتلىشىش، پۇلغا بېرىلىش پەيدا قىلغان سەلبىي تەرەپلەر ئادەملەرنىڭ قاراش جەھەتتىكى ئۇقۇمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا، ئايرىم ئادەملەردە باشقىلارنىڭ ھەققىدىن قورقماسلىق، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكى، بايلىقىغا كۆز قىزارتىش، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتەك ناچار ئىدىيەۋى خاھىش باش كۆتۈرۈپ، «قويمىچىلىق» پەيدا بولدى. بۈگۈنكى كۈندە قويمىچىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى ھەم ئىجرا قىلىندى، ھەتتاكى ئايرىم ئادەملەرگە ئۇ بىر خىل «كەسىپ» بولۇپ ئۆزلەشتى، ئۇنى كەسىپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاقىۋەتتە باشقىلارنى ۋەيران قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلدى، ئۇلارنىڭ قويمىچىلىقى بىلەن توپلىغان بايلىقى مەڭگۈ ئارامخۇدا ياشاش پۇرسىتى بەرمىدى. شۇڭا قويمىچىنىڭ باي بولغىنى بار، خەتەردىن ئامان قالغىنى يوق. ئەيتاۋۇر، قويمىچىلارنىڭ ئېرىشكەن بەختىدىن بەختسىزلىكى، تارتقان زىيانلىرى، ئازابى ئېغىر بولدى. نۇرغۇن قويمىچى قويۇۋەتكەن پۇل - مالنى تۆلەپ قايتۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق قامچىلاندى. ئېنىقكى «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ». قويمىچىنىڭ نەيرەڭۋازلىقىنى ئادەملەر بىر - ئىككى قېتىم ئالدانغاندىن كېيىنلا بىلدى، ئالدانغانلارنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرىپ، كۆزى ئېچىلدى، تەجرىبە ئۆرنەكلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر قانداق تۇشۇككە سېپىلمايدىغان بولدى. قويمىچىلىقنى ماھىيەتلىك تەرەپتىن بايان قىلىدىغان بولسا، قويمىچىلىق قىلىش — ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەنلىك قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۇرغۇن ئادەملەر قويمىچىنى تىللايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قويمىچىلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنى قانچىلىق ئېغىر دەرىجىدە قىينىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئولتۇرسا - قوپسا دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆزىنى دائىم يوشۇرۇپ، باشقىلاردىن قاچۇرىدۇ،

گۇمان ۋە روھىي بېسىم قىلمايدۇ؛ قورقۇش بىلەن بەختسىزلىك تۇيغۇسى توخۇ يۈرەك قىلىپ قويىدۇ؛ دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئىززەت - ئابرۇيى بولمايدۇ، قويۇلغۇچىلارنىڭ تىل - ئاھانەتلىرى، سۆز - توقايلىرى، بېسىملىرى، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن كېيىنكى پۇشايمانلىرى قويمىچىنى تەبىئىيلا خاراب قىلىدۇ.

## تەۋسىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

1. كىشىلەرنىڭ قويمىچىلىقنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قويمىچى ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش تۇيغۇسىدا تۇرۇپ، ئۆزگىبە ۋە باشقىلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، قويمىچىلىقنىڭ زىيانلىرىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق قوبۇل قىلىشى، ئىدىيەۋى تەربىيەلىنىشنى ياخشى، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشى؛ ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى بار ئىشلارغا ئىگە بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. قويمىچىلىق بىلەن چېتىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، چېتىلىپ قالسا، دەرھال چېكىنىش، چىقىش يولى ھازىرلاش كېرەك.

2. قويمىچىلىق يولىغا كىرىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئەدەپ - ھايا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئەدەپ - ھايالىق ئادەم نومۇسچان، ئىدىتلىق، سەممىي بولىدۇ. باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىغا كۆز قىزارتمايدۇ. ۋىجدانى ۋە نومۇسچانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە سالاپىتى، قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ؛

3. قويمىچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشتا قويۇلغۇچى ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قويمىچىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىش يوچۇقلىرىنى تولۇق ئېتىش، قويۇلۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

4. پاش قىلىش، قانۇن جازاسى ئارقىلىق ساۋاق بېرىش، جازالاش ئارقىلىق قاتمال خاراكتېرنى ئۆزگەرتىپ، ۋىجدان، سەممىيەت بىلەن ياشاش مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك.

# ئۆزىنى قويۇشنىڭ چوڭقۇر پاتقىقى — شەھۋەتپەرەسلىك

## پەسكەش سۈرەت (1)

مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى كۈچلۈك، ھەققانىيەتچى بولۇپ، ئەخلاقسىزلىق، دىيانەتسىزلىق قاتارلىق بولمىغۇر ئىشلارغا زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ مائارىپ سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى سۆزلەپ يۈرەتتى، كايىيتتى. ئۇ مۇئەللىپكە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

كونىلاردا «بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولمىقى بەك تەس» دەيدىغان گەپ بار. مەن بۇ گەپنى مەلۇم بىر داڭلىق ئادەمنىڭ پەرقلىق سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ قالغاندا قايتا يادىمغا ئالدىم. ھەي توۋا، ئاشۇ ئىشنى، ئاشۇ پەسكەش قىلىقنى سادىر قىلىۋاتقان ئاشۇ ئادەم راستتىنلا بىز شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم شۇمىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە ئىشلىگەن، بىراق ئۇنىڭ سىرتلاردا مۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى، ئۇ دائىم: «ياخشى توشقان ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى ئوتنى يېمەيدۇ، ئۇكام، ھەممە ئىشقا دىت لازىم، دىتىڭىز بولسا، ئىزىڭىزنى قۇيرۇقىڭىز بولمىسىمۇ سۇپۇرۇپ ماڭالايسىز، نېمە ئىش قىلسىڭىز، ھېچكىم بىلمەيدۇ، جاھاندا ھەمىشە ئۆيدىكى ئاشقا قاراپ ئولتۇرمايمىز ئوغۇل بالا دېگەن، ئانچە - مۇنچە

سىرتىنىڭ ‹ئوت - چۆپى›نى يەپ، ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈش كېرەك» دەيتتى. كىشىلەر ئۇ ئادەمنى پەسكەش، قىزلارغا بەد قىلىقلىق قىلىدۇ، ھەتتاكى ئۆز بويلۇق قىزىمۇ دادىسىنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكىدىن سەسكىنىپ، شەھەردە تۇرماي، ناھىيەگە خىزمىتىنى يۆتكەپ كەتكەن دېيىشەتتى. مەن بولسام، قولاق سېلىش تۈگۈل ئۇلارغا رەددىيە بېرەتتىم، چۈنكى ئۇ ئادەم بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان يىللار داۋامىدا قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلغانلىقىنى ئېنىق پاكىت بىلەن ئۇچراتمىدىم. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ دائىم دېگۈدەك ئاخشام - كەچتە رېستوران چولپىنى بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتىم، بۇنى ئۆزى دەپ بېرەتتى ياكى باشقىلارغا رېستورانغا كىرگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ تۇراتتى، مەن شۇنىڭدىن بىلەتتىم، لېكىن ئۇنچىلىك دىققەت - نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەتمەيتتىم. نۇرمۇھەممەتجان دېگەن دوستىمىز ماڭا ئوخشاش ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم پات - پات رېستوراندا ئۇچرىشىپ قالىدىكەن ، ئۇنىڭ ماڭا قايناپ بېرىشىچە، ئۇ داڭلىق ئادەم بولغىنى بىلەن باشقىلار يازغان ئىككى - تۆت تال شېئىرنى يادلىۋېلىپ، سورۇنلاردا ئوقۇپ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى بارمىش، قىزلارغا نىسبەتەن ھېسسىيات ئوغرىسىمىش، بۇنى ئۇ شۇنچىلىك ياراتماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن تىلغا ئالاتتىكى، ئاشۇ ئادەمنىڭ باشقىلار قەلبىدىكى شۇ قەدەر يۇقىرى ئوبرازىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى، مەن بۇنى كۆرەلمەسلىك، كۈنداشلىق، چىدىماسلىق دەپ قارايتتىم. ئادەملەرنىڭ تەسىرى كىشىلەرگە ئاجايىپ ئايان بولىدىكەنكى، ئۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن، كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپ راست بولۇپ چىقىدىكەن.

ھېلىقى خىزمەتدىشىمىز كېسەللىك سەۋەبىدىن ئارام ئېلىشقا چىقتى، شىرە - ئورۇندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان

چاغدا يەنە بىر خىزمەتدىشىم بىلەن ياردەملىشىپ يۇغۇشتۇردۇق، كۆتمىگەندە، ھېلىقى خىزمەتدىشىمىزنىڭ تارتمىسىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تارتىلغان بىر توپ سۈرەت چىقىپ قالدى، بۇ سۈرەتلەردە شۇ قەدەر پەسكەش، پاسكىنا كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ كۆرۈنۈشلەردە بىر جۈپ ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ، ئۇلار بىر چاغلاردا مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇيتتى. مەن بۇلارنى ھېلىقى خىزمەتدىشىمنى ئىزدەپ كېلىپ تەكرار مەسلىھەت سورىغان چاغدا كۆرگەن. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ بەد قىلىقلىق قىلغان سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدۇق، نېمىمۇ دېيەلەيتتۇق، ئەقلىمىزمۇ ئىشلىمەي قالدى، چۈنكى بىز قەدىرلەيدىغان، شۇ قەدەر ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ماھىيىتى شۇ بولسا، قالدىسىغا نېمە دېگۈلۈك؟ قانداق قىلغۇلۇق؟! نەۋرە ـ چۆرىلىك بۇ ئادەمنىڭ شۇ ياشتا ئاشۇنداق قىلىشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ئويلاندۇراتتى. بىر دادىنىڭ شۇ دەرىجىدە پەسكەش بولۇپ كېتىشى كېيىنكىلەرگە نېمىلەرنى بېرەر، كېيىنكىلەرنىڭ بەختىنى نېمە دەپ پەرەز قىلارمىز؟ دېمەك، بۇ ئادەمنىڭ پەسكەش قىلىقى يامان تەسىر بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ ناتىۋان قىزلىرىمىزنى ساغلام ئانا روھىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان. بىز ھېلىقى سۈرەتلەرنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋەتتۇق، لېكىن قەلبىمىزدە ھېسابسىز سوئال كۆمۈلۈپ قالدى. غۇرۇر، ئىززەت ـ نەپسىنى يەرگە ئۇرغان، ئەدەپ، شەرم ـ ھاياغا ئاسىيلىق زەنجىرىنى باغلىغان بۇ ئىش قەلبىمدە يارا بولۇپ ئويۇپ قالدى. دېمەك، ئۇ كىشى مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈلۈك ئۆلدى، بەلكىم جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئوبرازىنى بۇرۇنلا خۇنۇكلەشتۈرۈپ بولغاندۇر. راستىنى دېسەم، بىر چاغلاردا داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، سېسىق يۇمۇرلارنى توقۇپ داڭ چىقارغان بۇ ئادەم بىر مەزگىلدىن كېيىن، كىشىلەر

مەسخىرىسىدىكى سەلبىي شەخس بولۇپ قالدى.

بۇ ئادەم شۇ ياشقا كىرگەندىمۇ ئادەمدەك ئادەم بولالمىغان، يەنى ئەخلاقىي جەھەتتە يېتىلمىگەن. شەھۋەتپەرەسلىك ـ بىردەملىك ھېسسىياتقا ھەممىنى قۇربان قىلىش بەدىلى بولۇپ، ئادەمنىڭ روھىنى چىرىتىدۇ، ئەخلاقىنى نابۇت قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنى تۇتالمىغان ئادەم مەڭگۈ ئادەم بولۇش مۇقامىغا يېتەلمەيدۇ.

## پەسكەش سۈرەت (2)

بۇنىڭدىن قانچە يىللار ئىلگىرى مەلۇم جايدىكى شەھۋەتپەرەسلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان بىر توپ ئادەمنىڭ دىلوسى پاش بولغان، ئۇلار ئەينى چاغدا ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان، لېكىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلغۇدەك، تۇتقۇدەك ھېچقانداق پاكىت يوق ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرسىدە مەلۇم سۈرەت تارتىش ئورنى ئۇلارنىڭ ئاياللار بىلەن يالىڭاچ ھالەتتە تارتىلغان سۈرىتىنى يۇيۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. دەل مۇشۇنداق پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولۇش كويىدا يۈرگەن باشقا بىر ئەمەلدارنىڭ قولىغا بۇ خەۋەر يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى سۈرەتخانىغا بېرىپ ھەسسىلەپ پۇل بېرىپ ھېلىقى يالىڭاچ سۈرەتتىن بىرنەچچىنى قولىغا چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە كېچىلەپ ماتېرىيال تەييارلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئىدارىلىرىغا دېلو مەلۇم قىپتۇ، بىرقانچە ئادەم بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قولغا ئېلىنىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارغا ئىستىل مەسىلىسى نۇقتىلىق جىنايەت پاكىتى بولۇپ ئارتىلىپ، يەتتە يىللىقتىن 15 يىللىققىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

ھالبۇكى، ئۇلار ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلدى، ئىمتىيازلىرى، ئىستىقبالى بەربات بولدى، پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، بالا ـ

چاقىلىرى خانىۋەيرانچىلىق تارتتى، ئۇلار قاماق جازاسىنى تۈگىتىپ چىققان بولسىمۇ، يۈرتتا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىدى، بەزىلىرى يۈرەك كېسىلى بولۇپ بالدۇرلا قازا قىلدى. دېمەك، ئۇلار بىردەملىك ھېسسىيات ـ شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بۇ ئالدىنقى ئەسىردىكى ئىش بولسىمۇ، تېخىغىچە كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقمىدى.

شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ھامان ياخشى بولمايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان بۈيۈك ئىشلاردىن ئايرىپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ تەرەپلىمىلىك نابۇت قىلىشقىمۇ سەۋەب بولىدۇ. دائىم مۇشۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەلدارلار، پۇلدارلار بولسۇن، ئادەتتىكى ئاۋام بولسۇن، ئارامخۇدا ياشاشتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، ھەممىسى دېگۈدەك پۇلىدىن، مېلىدىن بىھۇدە ئايرىلىدۇ، ، پاراكەندىچىلىك، شۇنداقلا ئەيدىز، سىپىلىس قاتارلىق يامان سۇپەتلىك كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىدۇ.

## توردا ئىسپات قالدۇرۇش

تور ــ كەڭ كەتكەن بىر مەۋھۇم دۇنيا. ئۇنىڭ تۈتاشمايدىغان، بارمايدىغان يېرى يوق، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا ھېسابسىز ئۇچۇر توپلانغان، مەركەزلەشكەن. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان ئۇچۇر يەنىلا شەھۋەتپەرەسلىك! شەھۋەتپەرەسلىك ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنىڭ نادانلارچە بېرىلىدىغان قىزىقىش نۇقتىسى. روھىيەتتىكى يېتەرسىزلىك ۋە شەھۋەتپەرەسلىككە قىزىقىشتەك تەبىئىيلىك ئايرىم ئادەملەرنى روھىي بىچارىلىككە گىرىپتار قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تور ئالاقىسىدە ناھايىتى گەۋدىلىك، روشەن كۆرۈلىدۇ. توردا بەزىدە ئادەمنىڭ ئەقلى زادىلا يەتمەيدىغان شەرمەندە گەپلەرنى ئۇچراتقىلى بولۇپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى

كەلمىگۈدەك ناشايان، قىلىقسىز، چېكىدىن ئاشقان ئىشلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنى يۇقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ۋاستىچى «QQ» بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن ياخشى تەرىپىدىن باشقا ھېسابسىز ناچار، چاكىنا تەرىپى بار. توردا 10 يىل مۇھەببەتلەشكەن بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ئۇچراشقاندا ئانا بىلەن ئوغۇل بولۇپ چىققانلىقىدەك ھادىسە ياۋروپادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. يېقىندا بىر ياش خىزمەتدىشىمىزنىڭ بىر كەچمىشى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇ مەلۇم بىر ئايال بىلەن ئۈچ يىل توردا مۇڭدىشىپ، غايىۋانە تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپتۇ. يېڭى يىل بايرىمىدا توي قىلمىدىم، دېگەن ئاشۇ ئايالنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەلۇم جايغا ئىزدەپ بېرىپ، ھاڭ - تاڭ قالىدۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، بىر پۇتى يوق توكۇر ئىكەن. ئۇ خىزمەتدىشىمىز ياقىسىنى چىشلەپ، مىڭ تۇۋا قىلغان. ئاڭلىسام، يەنە بىر ئەر - خوتۇن ھەر كۈنى توردا مۇڭدىشىپ، بىر - بىرىگە ئىچ كۆيەك بولۇپ قالغان، بىر كۈنى ئۇلار ئۇچراشقاندا، ھاڭ - تاڭ قالغان ۋە ئۆيى بۇزۇلۇپ دەۋا - دەستۇر پاتقىقىغا پېتىپ قالغان.

دېمەك، ئۆزئارا توردا مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋەتكەنلەر بەك كۆپ. بۇ ھەقتە بىر مىسال ئالغۇم كېلىپ قالدى: مەن بىلىدىغان خېلى سالاپەتلىك بىر ئادەم بولۇپ، مەلۇم ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر چىرايلىق، بويتاق ئايال بولۇپ، باشلىقنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، ئىندەككە كەلتۈرۈش ئويىدا بولغان. بىراق چوكانچاق پىسەنتىگە ئالمىغان، ئاخىرىدا ھېلىقى باشلىق «QQ»دا مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇچۇق قىلىپ، كۆيۈپ قالغانلىقىنى، ھازىر زادىلا ئۇخلىيالمىغانلىقىنى، بىر قېتىم ۋىسالىغا يېتىۋېلىشنىڭ چىدىغۇسىز ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، نېمە لازىم بولسا، شۇنى بېرىدىغانلىقىنى، ھەتتاكى، ئىدارىنىڭ

قايسى بىر جايىدا ئىشلەيمەن دېسە، شۇ يەرگە يۆتكەپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇنىۋان، ھوقۇقىنى چوڭ قىلىپ بېرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھالبۇكى، ھېلىقى چوكان تەكرار رەت قىلغان، ئەپۇ سورىغان، لېكىن ھېلىقى باشلىق بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كەتكەن ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ، بېسىم قىلىپ، چەتكە قېقىش ئارقىلىق چوكانغا زادىلا ئارام بەرمىگەن، يىغىن ئاچسىلا قۇسۇر تېپىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويغان. بۇنىڭغا بىرەر مەزگىل بەرداشلىق بەرگەن چوكان نىيىتىدىن يانماي، ئۆزىنىڭ ئىززەت - نەپسىنى ساقلاش يولىدا كۈرەش قىلغان ھەمدە «QQ» دىكى ھېلىقى پەسكەش گەپلەرنى ھېلىقى باشلىقنىڭ ئايالىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا يوللاپ بەرگەن. پولاتتەك پاكىت ئالدىدا باشلىق خوتۇنى ئالدىدا لەت بولغان بولسىمۇ، تەن بەرمىگەن، ئۇ دېگەن تور، مەن يازغان بولسامۇ، ئۇ راست ئىش ئەمەس - دە، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ياپقان. لېكىن، چوكانغا بولغان بېسىمنى زىيادە ئاشۇرۇپ، ئىدارىدە جازالاش، ئۆچ ئېلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان، چوكان بولالماي ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئەرز قىلغان ھەمدە ھېلىقى باشلىقنىڭ ئەخلاقسىزلىق، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش جەريانىدا پارا ئېلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى قاتارلىق بىرنەچچە تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىشتا ئەڭ پۇت تىرەپ تۇرغان پاكىت ھېلىقى باشلىقنىڭ چوكان «QQ»سىغا ئەۋەتكەن پەسكەش ئۇچۇرى بولغان. تەكشۈرۈشتە شەھۋەتپەرەسلىكى بىر چوكان ۋە بىرنەچچە قىزچاققا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ بىرنەچچە يىلدا كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىز - چوكانلاردىن يەتتىسىگە پوخورلۇق قىلغان ھەمدە 370 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئۇلارغا خەجلىۋەتكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ كۆرەڭ باشلىق ئۆز جاجىسىنى يەپ تۈرمىگە يول ئالدى. ئۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق قويۇۋەتتى.

# شەھۋەتپەرەسلىككە ۋاستە بولغان
# بۇيۇملارنىڭ ساداسى

قۇربان ھېيت كۈنىدە بىر ئايال ئۆيىدە جىددىي ھېيت تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، تېلېفونىغا ئۇچۇر كېلىدۇ، بىراق تېلېفوننى ئۇنىڭ ئېرى ئېلىپ ئۇچۇرنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇچۇردا «قەدىرلىك ‹ن› قۇربان ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، سېنى مۇشۇ مىنۇتتا شۇ قەدەر سېغىندىم، يۈرىكىم سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيىدى، بىلەمسەن، تاتلىقىم، جېنىم قوزام! سەنسىز قۇربان ھېيت ماڭا مەنىسىز، سەنلا يېنىمدا بولساڭ، ئاندىن ھەر كۈنى ماڭا ھېيت بولىدۇ، بىلەمسەن بۇ قەلبىمنى؟!! سېنى سۆيۈپ - سۆيۈپ ئاشىقىڭ. ئامراق قىزىمىز ‹پ› گىمۇ بۇ سۆيۈنۈشۈمنى ھېس قىلدۇرغىن!» دېيىلگەن. ئەر داڭ قېتىپ قالغان، ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ قانداق قىلىشنى ئويلىغان، ئۇ ئالدى بىلەن ئۇچۇرغا خوتۇنىنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى كۈتكەن، سەل كەتكۈزۈپ قويسا، ھېلىقى ئۇچۇر راست بولسىمۇ، خوتۇنى بىر ئامال قىلىپ يوققا چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ تېلېفونىنى جايىغا قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ قانداق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، بىر ئازدىن كېيىن خوتۇنى تېلېفوننى ئېلىپ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتكەن، بۇ چاغدا ئەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان، دېگەندەك خوتۇنى ئۇچۇرنى ئوقۇپ قايتۇرغان. دەل شۇ چاغدا ئەر خوتۇنىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ ئۇنىڭمۇ قارشى تەرەپكە جاۋاب ئۇچۇرى يوللاپ، سېغىنىشىنى بايان قىلغانلىقىنى بىلگەن. بۇ پاكىتنى تۇتقان ئەر خوتۇنى بىلەن دە - تالاشنى باشلىغان، ئايال باشقىلار ماڭا قىلتاق قۇرۇپتۇ، چاقچاق قىلىش بىلەن مېنى قارىلاپتۇ دېگەن بولسىمۇ، بۇ ئاشكارا ۋە پولاتتەك پاكىتنى يوشۇرالمىغان. ئەڭ مۇھىم پاكىت ئۇچۇرغا دېيىلگەن «ن» ئۇنىڭ خوتۇنى، «پ» بولسا ئۇنىڭ قىزى ئىدى، بۇنىڭدىن

باشقا ھەرقانچە بولسىمۇ، بىر كىم شۇنداقلا ئۇچۇر يوللاپ قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنى ئۇچۇرغا جاۋاب ئۇچۇر يوللاپ پەسكەشلىكىنى تېخىمۇ ئاشكارا ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتى ھازا ئىچىدە ئۆتتى، ئاخىرىدا بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاجرىشىپ جېدەل بېسىقتى، 20 نەچچە يىل تۇتقان ئۆي سورۇلدى، ئىككى پەرزەنت يېتىم بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئىككىلەمچى تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن چاكىنىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە كىشىلەر قارىغۇلارچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەختىنى خازان قىلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنئالغۇدا ئاۋاز قالدۇرۇش، سىنئالغۇدا ھەرىكەت قالدۇرۇش، شۇنىڭدەك سايە چۈشۈرۈش ئۇسكۇنىلىرىدە ئىز قالدۇرۇشلار تەكرار، ئېچىنارلىق رەۋىشتە يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن زىيانلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. تارىخ ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئىنسانلار سەلبىيلىككە بېرىلىدىكەن، ھامان مەغلۇبىيەت ۋە ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋېتىش كېلىپ چىقىدۇ، بۇ مۇقەررەرلىكنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. كىشىلەر يەنە قاچانغىچە بۇنداق ئىشلاردىن ساۋاق ئالمايدۇ، قاچانغىچە يەنە شۇنداق بىمەنە، ئېچىنىشلىق ئىشلار بىلەن بارلىقىنى ۋەيران قىلار؟ ...

## ھۆججەت ئارقىلىق ئىسپات بېرىش

ھازىر شەھەر - يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، شۇنىڭدەك يېيىش، ئېچىشنى مەنبە قىلغان يېمەك - ئىچمەك سورۇنلىرى، كىم كەلسە چەك قويماي ئېچىپ بېرىلىدىغان مېھمانسارايلار بار. ھەر كۈنى ئاشۇنداق سورۇنلارغا مىڭلاپ كىشى كىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆسۈپ، بىر قىسمى قولىدىكى پۇل بىلەن «ھاياتنىڭ پەيزىنى

سوْروْش»كە بىرلىش ئەۋج ئېلىپ قالدى. مەلۇم بىر كەيپ ـ ساپا قىلىدىغان سوروْنغا بېرىپ بىرنەچچە سائەت تۇروْپ كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، جاھاندىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى ئاندىن چۈشىنىسىز! سىز ھۆرمەت قىلىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭمۇ خۇدىنى بىلمەي «ياشاۋاتقان»لىقىنى كۆرىسىز. شۇ چاغدا سىز جاھاندا ئەخلاقلىق، ھايالىق ئادەملەر ئاز قالغاندەك ھېس قىلىسىز، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق قىلىقى سەۋەبىدىن كەلگۈسى كىملىكىنىڭ بەربات بولۇۋاتقانلىقىنى، ھازىردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قويۇلۇپ، ھەممە نەرسىلىرىنىڭ تارتىلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مىڭ لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇيسىز!...

بىر ئائىلىدىكى 17 ياشقا كىرگەن قىز كۈتمىگەن يەردىن ئورۇقلاپ، ھەر دوقمۇشتا قەي قىلىپ، تاماق يېمەي، مەكتەپكىمۇ بارماي كېسەلچان بولۇپ يېتىپ قالدى. ئانىسى قىزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، بەك بىئارام بولۇپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوْروْشتە قىلىپ، كېيىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرتسىمۇ ھېچ بىر كېسەل چىقمىدى، ئانىسى گۇمان بىلەن سۈيدۈك تەكشۈرتۈپ بېقىش قارارىغا كەلگەندە، قىزى راست گەپنى قىلىپ، مەلۇم بىر تىجارەتچى بايىنىڭ ئۆزىگە پوخورلۇق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئانا نى ئات، نى نومۇس بىلەن ئۆزىنى مىڭنى كاچاتلاپ، چىچىنى يۇڭداپ يىغلاپ، قىزىنى ئۇرۇپ، كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتتى. بىراق، بولار ئىش بولۇپ بولغان، ئورنىغا كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ قانداق قىلىش توغرۇلۇق ھېلىقى پوخورلۇق قىلغان نجىس ئەرنى ئىزدەپ باردى. ھېلىقى نجىس ئادەم قىزنىڭ بىر پارچە ھۆججەت ـ ئىسپاتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا: «مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ت نىڭ قوينىدا ياتتىم، ئىپپىتىم بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۆزۈمگە ھېساب، بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزۈم ئىگە، مەڭگۇ دەۋا ـ دەستۇرۇم يوق!» دەپ يېزىلغانىدى. ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي گاراڭ بولدى. ھېلىقى نجىس ئەر

ئانىنىڭ داد - پەريادلىرىغا قۇلاق سالماستىن، قىزىنىڭ ئۆزىنى ئالداپ پەسكەشلىك قىلغانلىقىنى، ئۆزىگە كېسەل يۇقتۇرۇپ، نۇرغۇن پۇلغا زىيان سالغانلىقىنى، قىزىنىڭ پەسكەشلىكىنىڭ بىر قېتىملىق ئىش ئەمەس، باشقىلار بىلەنمۇ كۆپ قېتىم بولغانلىقىنى، قېتىپ قالغان رەسۋا ئىكەنلىكىنى دەپ چىدىغۇسىز لەنەتلەرنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت باشلاندى. بۇ ئىش كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمئىيەتكە تارقاپ ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. قىز تەرەپ مەھەللىمىزدىكى خېلى ئابرۇيلۇق ئائىلىدىن بولسىمۇ، ئاشۇ ئىش سەۋەبلىك تەقدىرى تەتۈر بولۇشقا باشلىدى. سىرتتىكى گەپلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇپ، ئاخىرىدا قىزنى بولۇشىغا دۇمبالاپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. مەسىلە بۇنىڭ بىلەن ھەل بولمىدى، قىز دورا يەپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قىزغا ۋە ئۇنىڭ قىسمەتلىك تەقدىرىگە چىدىمىغان قىز تەرەپ ھېلىقى ئەرگە مەھكەم ئېسىلدى. ئۇنىڭ قولىدا قىز يېزىپ بەرگەن ھۆججەت بار ئىدى. مانا شۇ ھۆججەت ئۇنىڭ جىنايى پاكىتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر ئادەم قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن بىرنى، ئەخلاقسىزلىقتىن نەچچە ئونىنى قىلسا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى بولمامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاشۇ ھۆججەتنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئۆزىنى ئاقلاش دەسمايىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى جازالاشتىكى ھەقىقىي پاكىتى ئىدى. بۇ يەردىكى گەپ ئاشۇ ھۆججەتنىڭ پەيدا بولۇش، سادىر بولۇش جەريانىنىڭ قانداقلىقىدا.

ئەسلىي ئىش مۇنداق: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ھېلىقى قىز بىر قېتىم بىر ساۋاقدىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەلۇم يەر ئاستى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا بارغان ۋە بۇ يەردە ساۋاقدىشىنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرغان، بىر كۈنى ھېلىقى چوكان قىزچاقنى يولدا ئۇچرىتىپ،

مەلۇم رېستورانغا بېرىپ، تاماق يەپ كېلىشكە پۈتۈشكەن، رېستوراندا ئەر - ئايال ئولتۇرغان بولۇپ، تاماقتىن كېيىن ئەرلەر ھاراق ئىچكەن، ئۇلار ئۇسسۇل - تانسا ئوينىغان. شۇ چاغدا ھېلىقى نىجىس ئەر قىزچاققا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن مۇڭداشقان، ھېسسىياتچان قىز ئۇنىڭ شېرىن گەپلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ، دەسلەپ زورلاش بىلەن قىزىل ھاراق ئىچكەن، كېيىن قىزىپ كەتكەن. ھېلىقى نىجىس ئەر قىزنىڭ چېيىغا گىلدىڭلاتقۇ سېلىپ قويغان، قىز بەكلا ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ۋە ئاق ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ قالغان، بۇ چاغدا ھېلىقى ئەر قىزچاقنى مەلۇم مېھمانخانىغا ئېلىپ بېرىپ، مەقسىتىگە يەتكەن. قىز ئويغىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن. بۇ چاغدا ئەر قەستەنلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قىزنى ئايىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن قىز ھېلىقى ئىسپاتنى يېزىپ بەرگەن، ئەر ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، ئىپپىتىنى بۇلىغان.

قىزلىق ئىپپەت — بىر قىزغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك قىممەت، شۇنداقلا ھاياتىنىڭ مەڭگۈ ياراتقىلى بولمايدىغان ئەڭگۈشتەرى. ئۇنى نابۇت قىلغان قىز ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرمەسلىكى كېرەك. شۇنداقلا بىھۇدە ئىپپەتنى يوقىتىش مەڭگۈ ئازاب بىلەن پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغان گۇمرانلىق بولۇپ، ھېلىقى قىز بۇ جەھەتتە ئۆزىنى مەڭگۈلۈك قويۇۋەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھېچ بىر قىممىتى بولمايدۇ. ھېلىقى نىجىس ئەر قىزچاقنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك، ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان دەپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ھېلىقىدەك ھۆججەتتىن 30 نەچچىسى چىققان. دېمەك، بۇ نىجىس ئەر ئاشۇ بىر قىزنىلا نابۇت قىلماستىن، باشقا قىزلارنىمۇ ئاشۇ خىل دورا بىلەن «ھاياجانغا سېلىش، كۆيۈنۈش، مېھربانلىق قىلىش» بىلەن ئالداپ ئىپپىتىنى بۇلىغان. كېيىن ئۇنىڭغا 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى. دېمەك، ئۇمۇ بىر دەملىك ھېسسىياتى،

شەھۋەتپەرەسلىكى بەدىلىگە ئۆزىنى، ئۆمرىنى نابۇت قىلغان، ئۆزىنى قويۇۋەتكەن. مۇنداقچە ئېيتساق، ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئۆزىنى قويۇۋەتكەن. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھۆججەت ـ ئىسپاتمۇ مۇناسىپ ئىش، مۇناسىپ ھەرىكەتكە ماس كېلىشى، ساغلام، ھەققانىي بولۇشى كېرەك، قانداقتۇر باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، باشقىلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق ھۆججەت ـ ئىسپات ئىجابىي ئۇنۇم بەرمەستىن، سەلبىي تەسىرگە پاكىت ـ ئاساس بولۇپ قالىدۇ...

## «قىغ» دورىغا مەھكۇم لەززەت

ئادەمنى بىچارىلىك، نادانلىق قاپلىسا، روھىي مەھكۇملۇق كېلىپ چىقىدىكەن. دەل مۇشۇنداق كىشىلەر ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدىكى مەئىشەتلىرىنى شەھۋەتپەرەسلىككە «ھەدىيە» قىلىپ، ھاياتلىق ھالاكىتىنى پەيدا قىلىپ، كۆرۈنمەس گۇمرانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىكەن. يۇقىرىدىكى بايانىنى ئوتتۇرىغا قويغان دوستىمىز مۇئەللىپكە ھېلىقى خىزمەتدىشىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىمۇ بايان قىلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۇ خىزمەتدىشىمنىڭ شەھۋەتپەرەس، پەسكەش قىلمىش، ئەتمىشلىرىنىڭ داۋامىنى تاتلىساق، ئۇ 60 ياشقا بېرىپ قالغان يىللاردا جىنسىي غىدىقلىغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەن تەكرار شۇغۇللانغان. ئۇنىڭغا شۇ خىل دورىلارنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى دورىپۇرۇش ئاشۇ خىزمەتدىشىمنىڭ ئۇدا نەچچە يىل جىنسىي ھورمۇن دورىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئىستېمال قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بىرسىگە سۆزلەپ بەرگەن، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھېلىقى خىزمەتدىشىمىز «بۇ كەمنىڭ قىز ـ چوكانلىرى شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتى، بەدەنلىرى بۇلۇتتەك ئاق، سىلىق، شۇڭا ئۇنىڭدىن بىر كۈن بولسىمۇ، بىر

قېتىم بولسىمۇ، ھۇزۇر سۈرۈۋالغانغا يېتەمدۇ، دورىنىڭ كۈچى بىلەن قىز - چوكانلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋالغانغا يېتەمدۇ؟» دېگەن، بۇ خىل دورىنى ئىمكانىيەت بار ئىشلەتمەسلىك، ئىشلەتكەندىمۇ كۆپ ئىشلەتمەسلىكنى تەكرار دېگەن بولسىمۇ رەت قىلىشقا ئۈچرىغان. مانا شۇ كىشى 60 ياشقا كىرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئۈچ يىل بولدى، تىك ماڭالمايدۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، ماڭسىمۇ ئۆزىنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ بۆرىكى كاردىن چىققان، بەدەن ھورمۇنلۇق دورىلارنى كۆپ يىل يېگەنلىك سەۋەبىدىن زەھەرلەنگەن. ساقىيىشتىن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىن قىلچىلىك ئۈمىد يوق ئىكەن. ساۋاق بولۇپ قالسۇن، بايىقى خىزمەتدىشىمىز بىرنەچچە كۈن بولدى قازا قىلدى. ئۇ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىدى. ئاشۇ ئىقتىدارنى بەربات قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆمرىنىمۇ شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ پاتقاقلىرى بىلەن مىلەپ، بەربات قىلىۋەتتى!

يەنە بىر دوستىمىز بار. ئۇمۇ ھېسسىياتچان، پېشقەدەم كىشى. شەھۋەتپەرەسلىك ئۇنىڭ دىلى، تىلىدىكى سادا. ئەمما ئۇمۇ جىنسىي غىدىقلىغۇچى ھورمۇنلۇق دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى ناھايىتى كۆرەڭ، مەغرۇر، نوچى ھېس قىلىپ يۈرۈيدۇ. ئۇ ھېلىقىدەك دورىلارنى بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى يېيىشكە باشلىغان. ئۇ تېخى تەپ تارتماي: «يانچۇقۇمدا ھەر خىل ئالىي دەرىجىلىك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ياسىغان كۈملاچ ‹قىغ› بار، قىز - چوكانلارغا يولۇقساقلا، ئاشۇ ‹قىغ›نى يەپ ئوغۇتلاش ئېلىپ بارساقلا بولىدۇ» دەيدۇ. «قىغ»نى يېگىلى بولامدۇ؟ بولمايدۇ! بىراق بۇ دوستىمىز «قىغ» ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنى يەيدۇ، مانا بۇ ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى! نېمىدېگەن دەھشەت نادانلىق بۇ - ھە؟! ئۇ نەگە بارسا، ھېلىقىدەك ھەر خىل «قىغ» دورىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ

ماختىنىدۇ، باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدۇ. قولىدىكى قىزلارنىڭ ئۆچرەتتە ئىكەنلىكىگە ئاغزىنى تاتلىق ئېتىدۇ. مانا بۇلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ روھىيىتىنىڭ شۇ قەدەر پاسكىنا، چاكىنا، ئىپلاس ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرمەسمۇ؟ ئۇ ئاشۇنداق پەخىرلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز يىقىلىپ يېتىپ قالدى، نەچچە ئايدىن كېيىن، ئورنىدىن ئاران - ئاران تۇردى. ئەسلىدە ھېلىقى «قىغ» دورىلار ئۇنىڭ قىل قان تومۇرلىرىغا زىيان سېلىپ، قان تومۇر قېتىشىش، مېڭە قىل قان تومۇرلىرىدا نوكچا پەيدا بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىكەن. ئۇ باشقىلارنى نابۇت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلغان، ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيىنى، ساغلاملىقىنى ئۆزى قويۇۋەتكەن.

جەمئىيەتتە بۇنداق دورىلار بىلەن ئۆزىنى زەھەرلىگەنلەر، باشقىلارنى نابۇت قىلغانلار، مۇشۇنداق دورىنى ئىستېمال قىلىش بىلەن نەق مەيداندا ئۆلگەنلەر ۋە ئىلگىرى - كېيىن ئۆلگەنلەر، يېرىم - يارتا بولۇپ قالغانلارمۇ كۆپ. ھالبۇكى، يەنىلا نۇرغۇن ئادەم بۇ خىل دورىلارنىڭ دەماللىق ئارتۇقچىلىقىغا بېرىلىپ كېتىش بىلەن ئۆزىنى بىلىپ - بىلمەي يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ، بەربات قىلىۋاتىدۇ. ھەر كىم ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى، دائىم ھوشيار بولۇشى، ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقى، ئاقىۋىتىنى تولۇق چۈشىنىپ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، سالامەتلىكىنى ئۇزاق مۇددەت كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## ئىككى مۇشۇككە بىر چاشقان

نادانلارنىڭ قولىغا كىرگەن بايلىق يەنىلا شەھۋەتپەرەسلىك بولىدۇ. شەھۋەتپەرەسلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خۇددى نادانلارنىڭ تۇغما ئاجىزلىقىدەك خاس ئاجىزلىقى بولسا كېرەك. يېقىندا بەزىلەرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ تېزلا باي بولدى، نۇرغۇن پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. ئۇلاردىكى تەبىئىي نادانلىق

ئاشۇ پۇلنى ياخشىلىققا ئىشلىتىشكە پۇرسەت بەرمىدى، ئۇلار پۇلنى ئۆزىنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئەڭ كۆپ سەرپ قىلىۋەتتى، پۇلنى ناھايىتى يۇقىرى قىممەت يارىتىشقا ئەمەس، پەسكەش، چاكىنا ئىشلارغا ئۆزىنى بەربات قىلىشقا ئىشلەتتى. بەزى پۇل تاپقان نادان بايلار خوتۇندىن ئىككى، ھەتتاكى ئۈچنى خۇپىيانە ئېلىپ، ھاياسىزلىقتا ئۇچىغا چىقتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئارامخۇدا ياشاپ باقمىدى، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمىدى. قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق بىر ئۆلىما ئۆزىگە قىز سوۋغا قىلىنغاندا: «بۇ چاشقانغا قىيىن، مۇشۇككە ئويۇن ئىش!» دېگەن ھەمدە: «ئىككى خوتۇنلۇق ئەر ئىككى ئاچ مۇشۇككە ئۇچرىغان بىر چاشقانغا ئوخشايدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جەمئىيىتىمىزدە ئىككى خوتۇن ئالغان ئەرلەرنىڭ كۈنى تەس بولۇۋاتىدۇ. بىر دوستىمىز ئۆزىنىڭ بىر دوستىنىڭ ئىككى خوتۇنى بارلىقىنى، دوستىنىڭ ئاھۇ زارىنى دەپ بەردى. ئىككى خوتۇن بارلىق مۇلۇكىنى ئىككىگە ئايرىپ ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوستى ئىقتىسادىي جەھەتتە پارچىلىنىپ، ئىككى خوتۇنىنىڭ قولىغا قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ. سودىسى ئاقمىغان، دەسمايىسى يوقالغان بۇ ئەر «ئىككى مۇشۇككە بىر چاشقان» بولۇپ قالغان. قىزىق يېرى شۇكى، بىر خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، تاماق ئېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئاۋۇ خوتۇنۇڭ ئېتىپ بەرسۇن دەيدىغان، كىر - قات ئېلىپ بارسا، ئاۋۇ خوتۇنۇڭ يۇيۇپ بەرسۇن، دەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. روھىي جەھەتتىن تارتقان ئازابلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولغان، ئاخىرىدا ئۇ سويغان پىيازدەك بولۇپ قالغاندا، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. قايتا ئىگىلىك تىكلەشكە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ئىگىلىكى پەقەت راۋاج تاپمىغان، چۈنكى ئۇنىڭ نۇرغۇن تىجارەتچىلەر قەلبىدىكى ئوبرازى يوقىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولۇپ قالغان.

مانا مۇشۇنداق كۈنگە قالغان، نۇرغۇن پۇلنى ئاشۇنداق

خوتۇنلارنىڭ چۈنتىكىگە سېلىپ بېرىپ، ۋەيرانچىلىق تارتىۋاتقان كىشىلەر ئازمۇ؟ ئۇنداقلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن مال - مۈلكى، پۇلىنى قويۇۋېتىدۇ، روھىي جەھەتتىن ساغلاملىقىنى بەربات قىلىدۇ، ئەخلاق جەھەتتىن ئوبرازىنى يوقىتىدۇ.

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش دۆلىتىمىز قانۇنىدا قاتتىق چەكلەنگەن، بىراق بۇگۈنكى كۈندە كىشىلەر جەمئىيەتتىكى ئەركىنلىك، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مەئىشەتلەرنىڭ موللىقى، قانۇننىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىكى ئايرىم بوشلۇقلاردىن سەلبىي پايدىلىنىپ كېتىش، ئىرادىسى ئاجىز، ئەخلاقى ناچار ئاياللارنىڭ شەرم - ھايانى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشى سەۋەبىدىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، بولۇپمۇ يوشۇرۇنچە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى خالاش سەۋەبىدىن، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ شەكىللەندى. بۇنى بىلىدىغان ئادەملەر كۆپ بولسىمۇ، پاش قىلىدىغان ئادەم يوق، پاش قىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، يېتەرلىك پاكىت بىلەن تەمىنلەش تەس بولۇۋاتىدۇ.

## شەھۋەتپەرەسنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ

بىر تونۇشۇم بولۇپ، ئۇ قول سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان يىللاردا بەكلا داڭ چىقارغان، مەيلى سودا ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى كىشىلىك مۇناسىۋەت، خىزمەت ئىشلىرىدا بولسۇن، ناھايىتى قالتىس ئىشلارنى قىلغان. ئۇ 45 ياشقا كىرگەندە، ئايالى تۇيۇقسىز كېسەل بىلەن قازا قىلدى، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر زەربە بولدى. بىرەر يىلدىن كېيىن بىر يۇرتدىشىمىزنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى، ھالبۇكى، ئۇ چوكانمۇ بىر ئەردىن چىققان بولغاچقا، سەل قاتمال بولۇپ، ئۆيى ئۆي بولماي چېچىلىپ يۈردى، لېكىن، تونۇشىمىز ھەر كۈنى «رېستوراندا دانلايدىغان قىز»لار بىلەن تاماشا قىلىشقا بېرىپ

كېتىپ ئۆزىنى تارتالمىدى. خىزمەتتە بەكلا چېكىنىپ كەتتى ھەمدە تىجارەت قىلىپ تاپقان نۇرغۇن پۇلنى تۈگەتكەندىن باشقا، ئىدارىسىنىڭ بىر قىسىم پۇلىنىمۇ ئىشلىتىپ خىيانەت قىلغان (بۇ ئىش ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن ئاشكارىلاندى). ئۇ زىيادە زەئىپلىشىپ كەتتى، ھەتتاكى كېيىنكى كۈنلەردە كوچىلاردىمۇ ئاشكارا قىزلارنى قولتۇقلاپ يۈرىدىغان، تونۇشلارنى كۆرسىمۇ ئىزا تارتمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى، ئاڭلىشىمچە، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ كۆڭلى خۇش بولىدىغان يەرلەردە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرگەنمىش! نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەرىپىگە سازاۋەر بولغان بۇ ئادەم بىر كۈنى قەشقەر شەھىرىدىن ئاتۇشقا بېرىپ، بىرنەچچە قىزنى ئويناتقان بۇ جەرياندا بولۇشىغا ھاراق ئىچكەن، ئاندىن ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ، قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋاتقاندا، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ تۇسۇنجىسىغا سوقۇلۇپ، ئۆزى ۋە بىللە ئېلىپ بارغان قىزچاق بىلەن نەق مەيداندا قازا قىلغان. كىشىلەر ناشايان ئىش، چېكىدىن ئاشقان ئىش، بولۇپمۇ ھاياسىزلارچە شەھۋەتپەرەسلىكنىڭمۇ ئادەمنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ ياقا تۇتۇشتى. بۇ كىشىمۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق قويۇۋەتكەنىدى.

* * *

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان پاكىتلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن ھاياسىزلىق، ئەدەپسىزلىك، شەرمەندىلىكلەرنىمۇ كۆرگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. ھەممىگە مەلۇمكى، قانۇن ، ئەخلاق چەكلىگەن ۋە توسقانلىكى ئىش بىردەك خاتا ياكى زىيانلىق بولغان بولىدۇ. ئۇنى قىلغان كىشى خاتالىشىدۇ، شۇنداقلا ئاشۇ خاتالىشىش ماھىيەتتە شۇ ئادەمنىڭ پايدىسىغا زىيان سېلىش بەدىلى بىلەن ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىدا

باياﻥ قىلغاﻥ شەھۋەتپەرەسلىكلەر قانداقتۇر ياشىۋېلىش، بىردەملىك ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈش بىلەن ئارمانىغا يېتىش بولماستىن، بەلكى تۈپ نېگىزىدىن ئۆز ـ ئۆزىنى قويۇۋېتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەھۋانىيلىق ئەڭ ئاۋۋال ئادەمنى يەرگە قارىتىدۇ، يۈز ـ ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرىدۇ، نومۇسىنى يوقىتىدۇ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ. بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن: «شەھۋەتپەرەسلىك ھايۋان قىلىدىغان ئىشتىنمۇ يامان قىلمىشنىڭ مەسئۇلى، چۈنكى ھايۋان بۇ جەھەتتە ناھايىتى ھايالىق، ئۇ بىر يىل، ھەتتا نەچچە يىل شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ قۇربانى بولمايمۇ ياشايدۇ. شەھۋەتپەرەس ئادەملەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مانا بۇ ئادەملەرنىڭ ئەڭ قەبىھ تەرىپى!»

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

ئادەم ئادىمىيلىك قىممىتىنى ۋە ئادەملىك ساپا ۋە سالاھىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە يىراق تۇرۇشى كېرەك.

شەھۋەتپەرەسلىك ــ پۇلپەرەسلىك بولۇپلا قالماستىن، شەرمەندىلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە پۇل بولمىسا، ئىمتىياز بولمىسا، مەلۇم ئارتۇقچىلىق بولمىسا، ئېنىقكى، شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ داۋامى بولمايدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە «رېستوراندا دانلايدىغان قىز»لارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەھۋەتپەرەسلىكنى پۇل، ئىمتىيازنى كۆز ـ كۆز قىلىش بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. پۇلى بارلار پۇلىدىن، ھوقۇقى بارلار ھوقۇقىدىن، ئىمتىيازى بارلار ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ شەھۋەتپەرەسلىك قىلىدۇ، بۇلاردىن بىرسى كەم بولۇپ قالسا، شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ بازىرى كاسات بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت پۇل ۋاستە بولىدۇ، دېمەك، شەھۋەتپەرەسلىك پۇل ۋە مالنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ۋەيران قىلىدۇ...

پېشقەدەملەر شەھۋەتپەرەسلىك ئىككى چوڭ سەۋەب

تەسىردىن پەيدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ: ئۇنىڭ بىرسى، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، سۆيۈنۈش، كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشتىن: ئىككىنچىسى، تويۇنۇش، پاراغەت سۈرۈش ۋە روھىي گادايلىقتىن بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيەتلىك يىغىندىسى شۇ ئىشنى ئىجرا قىلغۇچىنى سەزدۇرمەستىن قويۇۋېتىش بولىدۇ.

ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىش يېڭىدىن پەيدا بولماستىن، ئەلمىساقتىن ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلىك مۇناسىۋەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇنى بىلسەكمۇ ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىش ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق، يەنى ئاشۇ ئىشلارنىڭ ماھىيەتلىك نۇقتىسىنىڭ ئۆزىنى قويۇۋېتىش ئىكەنلىكىدەك تەتىقلىنىشىنى بىلمىدۇق ياكى تەبىرىنى بېرەلمىدۇق. بۇ تەبىر ھازىرقى زامانغا لايىق بولۇپ، ئاشۇ بولمىغۇر ئىشلارنى ئەخلاقسىزلىق، زىيانلىق دەپ قاراش بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋېتىش ئىكەنلىكىدەك كەڭ مەزمۇن، ئۇقۇمنى بىرىكتۈرۈپ چەكلىسەك، ئالدىنى ئالساق، ئېنىقكى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەرقانداق چەكلەشتىنمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ يوللىرى، چارە - ئاماللىرى بەكمۇ كۆپ، ئەڭ مۇھىمى مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىن ئۆزىنى تاۋلاشنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك:

1. ئۆزىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك. ئەخلاقسىزلىق، شەھۋەتپەرەسلىك يولىغا كىرىپ قېلىۋاتقان ياكى كىرىپ قالغان ئەھۋالدا مەن ئۆز - ئۆزۈمنى قويۇۋېتىۋاتىمەن، ئۆزۈمنى ئەخمەق قىلىپ ئالداۋاتىمەن دېيىشنى بىلىشى ئاشۇ بولمىغۇر ئىشلاردىن تەلتۆكۈس قول ئۈزۈشى كېرەك. بۇ خىل ئىدىيەۋى تەييارلىق ۋە روھىي تاۋلىنىش ئادەمنى ئاشۇ بىمەنە يولدىن تارتىشتىكى مەنىۋى كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇ؛

2. مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھازىرلاش كېرەك. يەنى ئاشۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنىڭ ئۆزىگە، جەمئىيەتكە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا زىيان سالىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ

ئالدىنى ئېلىش، توسۇش، ئاڭلىق چەكلەشتەك ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىن چاكىنا نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك؛ شەھۋەتپەرەسلىكتىن خالىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلاردا شەھۋەتپەرەسلىك پەيدا قىلىدىغان جىددىيچىلىك، بىئاراملىق، ئازابلىنىش، شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىش، جىنسىي يۇقۇملىنىش، بەدەن ئەزالىرى زەئىپلىكى دېگەندەك بىر قاتار بىنورمال روھىي، جىسمانىي زەئىپلىكلەر ئاساسەن بولمايدۇ. بۇلارنىڭ بولماسلىقى تەن ۋە روھنىڭ ساغلام بولغان تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ھەر قايسى ئەزا نېرۋىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، ساغلاملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، قېرىشنى كېچىكتۈرىدۇ، ئۇزاق ياشىيالايدۇ؛

3. ساغلام ئەخلاقىي ساپانى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ھەر بىر ئادەم ئۆزىدە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىش قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئادەملىك سالاھىيىتىنى ھەقىقىي ساقلاپ ياشايدىغان ئەدەپ - ئەخلاق ساپاسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. ئەدەپ - ئەخلاقلىق كىشىلەر ساپ دىل، سەمىمىي كېلىدۇ، ئۇلار شەھۋەتپەرەسلىكنى ئېغىر ئەخلاقسىزلىق دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنىمۇ چەكلەپ، ئەدەپ - ھايالىق بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. تەربىيە قانچىكى ئەمەلىي بولسا، ئۇنىڭ كىشىلەر ھەرىكىتىنى چەكلەشتىكى كۈچى شۇنچىلىك چوڭ بولىدۇ.

4. شەھۋەتپەرەسلەرگە يول ئېچىپ بېرىشنى چەكلەش. تەربىيەلەش ئارقىلىق كۆز قارىشىنى توغرىلاپ، شەھۋەتپە- رەسلىكنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى تونۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ سۇرۇن ھازىرلاپ ئەمەس، قاتتىق رەت قىلىشى بىلەن باشقىلارنىڭ شۇ يولغا كىرىپ قېلىشىنى چەكلەش كېرەك؛

5. مەبلەغنى باشقا تۈرلەرگە سېلىش كېرەك. پۇلنىڭ كۈچى بىلەن شەھۋەتپەرەسلىك قوينىغا كىرىپ قالغان ئادەملەرنىڭ قولىدىن پۇلنى شەھۋەتپەرەسلىككە ئەمەس، باشقا سودا، تىجارەت، ئىگىلىك تىكلەش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك

قىلىش كېرەك. شەھۋەتپەرەسلىككە سەرپ قىلغان پۇلنى پايدىلىق، خاسىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، شەھۋەتپەرەسلىك ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كىلىنتوننىمۇ ۋەيرانچىلىققا تىققان. دېمەك، شەھۋەتپەرەسلىك ئادەمنى ھەر تەرەپتىن قويۇۋېتىدۇ، ھەر تەرەپتىن يۈز - ئابرۇيىمىزنى تۆكىدۇ. سىز ھەممە ئىشنى قىلالمىسىڭىزمۇ، مۇشۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ، ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلالىسىڭىز، ھەر قاچان شەرىپىڭىز بولىدۇ.

# ئىشلەمچىنى ئىشلەمچى قويۇش

يەنە شۇ قوشنامنىڭ تامچىلىق ساۋىقى توغرۇلۇق توختىلىمەن. بۇ قېتىمقىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىش بولدى. بىر كۈنى بىر تامچىغا يېقىندىن پۈتۈۋاتقان ئۆيىنىڭ 60 نەچچە مېتىر كېلىدىغان بالابېشىنى ئېتىپ بېرىشىنى كۆتۈرە بەردى. ئۇ ئىشلەمچى بازاردىن يەنە بىر ئىشلەمچىنى تېپىپ ھېلىقى بالا بېشىنى ئۇنىڭ ئىشلىشىگە كۆتۈرە بەردى. كېيىنكى ئىشلەمچى ئۆزىگە ياندىپ، بەش ئىشلەمچىنى كۈنلۈكىگە 90 يۈەندىن بېرىپ ئىشقا سالدى. شۇ كۈنلەردە ئىشلەمچىلەرنىڭ ئادەتتىكى كۈنلۈك ئىش ھەققى 80 يۈەندىن ئاشمىغان بولغاچقا، بۇ 90 يۈەنلىك ئىشنىڭ خۇشلۇقىدا ناھايىتى كۈچەپ ئىشلەپ، نەچچە سائەتكە بارماي ھېلىقى ئىشنى تۈگەتتى. كېيىن ئىككىنچى قېتىم كۆتۈرە ئالغان ھېلىقى ئىشلەمچى ئىش ئورنىغا كەلمىدى، ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن خەۋەر بولمىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشلەمچىلەر قايتىپ كېتىشنىڭ گېپىنى قىلدى ھەمدە ئىش ھەققىنى ئۆي ئىگىسىدىن تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى ئىشنى سىلەرگە بەرگەن ئەمەس دەپ، تامچىنى چاقىرىپ كېلىپ، بۇنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى ئۆتۈندى، بۇ تامچى بالا بېشىنى ئېتىشنى يەنە بىر تامچىغا ھۆددىگە بېرىپ، 1100 يۈەن پۇلىنى ئاللىقاچان ئۆزى ھۆددىگە بەرگەن تامچىغا بېرىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئىشلەمچىلەر سىلى بېرىلا، دەپ تۇرۇۋالدى، بۇ چاغدا تامچى سىلەرنى مەن ئىشلەتكەن ئەمەس، پۇل بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، مەندىن كۆتۈرە ئالغان ئادەمنى تېپىپ پۇلنى شۇلاردىن ئالىسىلەر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بەش نەپەر ئىشلەمچى ئاخىر

ھېلىقى كاززاپنى تېپىپ پۇلنى ئېلىش نىيىتىگە كەلدى.

بۇ ئىشتا قول قولنى تونۇيدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. ھېلىقى بەش نەپەر ئىشلەمچى كۆتۈرە ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئالدامچىنى تېپىپ، ئىش ھەققىنى ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى.

ئاردىن يېرىم ئاي ئۆتكەندە، مەھەللىمىزدىكى ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى ھېلىقى ئالدامچىنىڭ پۇت - قولى سۇنۇش سەۋەبلىك مېنى ئىزدەپ كەلدى. ھېلىقى كاززاپ ئالدامچى بايىقى بەش بالىدىن بىرسىگە تۇتۇلۇپ قالغان، ئۇ باشقىلارنى تېلېفون قىلىپ چاقىرىپ، ئىشنى چوڭايتىۋەتكەن ھەمدە ئالدامچى كاززاپنى بولۇشىغا ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى يېرىپ، بىر قولى بىلەن بىر پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋا شەكىللىنىپ قالغان.

كونىلاردا «تۆرۈلۈپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي، قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي» دېگىنىدەك ھېلىقى كاززاپ ئالدامچىمۇ يالغانچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، تېزلا تۇتۇلۇپ قالغان ھەمدە بايىقىدەك ئاقىۋەتكە قالغان. گەرچە ئۇ ئەينى چاغدا پۇلغا ئېرىشتىم دەپ سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئاقىۋىتىنىڭ بۇنچىلىك يامان بولىدىغانلىقىنى ھەمدە كۆرۈنۈشتە باشقىلارنى قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۆزىنى قويۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان. بىر ئادەمنىڭ ئىناۋىتى ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ۋىجدان ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ ياخشى ئادا قىلىنىشى - قىلىنمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر ئادەم كىملەرنىدۇر ئالداپ، كىملەرگىدۇر يالغان گەپ قىلىپ، مەلۇم مەقسەت - مۇددىئايىغا يەتكەندەك تۇرسىمۇ، پەزىلەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ياخشى ئۇتۇققا ئىگە بولۇشى ناتايىن، شۇنداقلا ئادەملىكىگە ماس ئىش قىلىش مۇقامىغا يېتەلمەيدۇ. مەلۇم بىر ياكى بىرنەچچە قېتىملىق قويمىچىلىق بەدىلىگە ئېرىشكەن ماددىي بۇيۇم ۋە كاپالەتكە شۇ ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئېھتىياجى ھەل بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. پەقەت قىسمەن ئېھتىياج، قىسمەن تەرەپتىكى يېتىشسىزلىكنىڭ دەردىگە دەمال دەرمان

بولۇشى مۇمكىن. بايىقى كازراپنىڭ قويمىچىلىقى سەۋەبىدىن ھېلىقى بەش ئادەممۇ ئاچچىقىغا پايلىماي چاتاقنىڭ چوڭىنى تېرىپ، جېدەل چىقىرىپ، ۋەقەنىڭ سەۋەبكارىغا ئايلىنىپ قالغان، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە سەۋەب بولغان. بۇ ھادىسىدىن زەنجىرسىمان قويۇلۇپ كېتىش، يەنى ئۆز - ئۆزىنى قويۇۋېتىش كېلىپ چىققان.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

1. ئىش قىلغاندا مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئۇلارنىڭ كىملىك سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ قويۇش كېرەك.

2. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋېلىش، كىم كىمگە مەسئۇل، ھېسابات كىم ئارقىلىق بولىدۇ، قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ بۇلارنى بىلىۋېلىش كېرەك.

3. مەسىلە كېلىپ چىقسا، زورلۇق كۈچكە تايىنىش بىلەن ئەمەس، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ھەل قىلىش، ئۇرۇش - جېدەل قىلماستىن، كېلىشتۈرگۈچى تارماقلار ۋە قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھاۋالە قىلىش كېرەك.

4. يېتەكلەش سالمىقىنى زورايتىپ، قارشى تەرەپنىڭ ناچار خاھىشى، پەزىلەتسىزلىكىنى تەنقىد قىلىش، كۆرسىتىپ بېرىش، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەپ، ئالدى بىلەن ئۆزى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش كېرەك.

# ئۆزگە قارا ساناش

بىرقانچە يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۆزگە خاس يول تۇتقان قەشقەر ئىسكەندەر قايماقلىق ماروژنىخانىسىنىڭ خوجايىنى تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ زەنجىرسىمان دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ زور ئۇتۇق قازاندى، بىراق ئۇ بىر قىسىم پۇل يىغىش ئورنىغا مۇۋاپىق بىر ئادەم تاپالماي قىيىنىلىپ قالدى. گەرچە ھەممە ئىشنىڭ تەرتىپى، ھېساباتى، بېكىتىلگەن ئۆلچەملىرى بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم يوچۇقلارمۇ پەيدا بولۇپ تۇردى. يېزىدىكى بىرسى ئوغلىنى ھەم ئىشلەش، ھەم ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەكىرىپ بەردى. بۇ بالا چاققان، ئاغزى يۇمشاق بولۇپ، يېرىم يىل ئەتراپىدا پۇل يىغىش بىلەن مەشغۇل بولدى. دەسلەپكى چاغلاردا ھەر كۈنى كەچتە ھېساب ئۆتكۈزۈپ، تۇرسۇنجاننى ناھايىتى خۇشال قىلدى، ئۇنىڭدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇلدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پۇل يىغىش، يول ھېساباتىنى بېرىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا دەمال پايدىلىق بولغان يوچۇقلارمۇ چىقىپ قالدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى خاسلىقىنى يوقىتىپ، سۆلەت، سۈپەت ھازىرلىغاندىن باشقا «ھۈنەر» چىقىرىپ، ئەتراپىدىكىلەرنى كۆزگە ئىلماس، مەمەدان بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە توخۇ گۆشى پارچىلاشنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ، باشقىلارنى يېقىن يولاتمىغان. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئاقىرىپ، سەمرىپ پىخىلداپ كەتكەن، بۇ كۆرۈنۈشلەر تۇرسۇنجاننى نەچچە قېتىم ئويغا سالدى ھەمدە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاستىرتىن سۈرۈشتە قىلدى. بىر كۈنى ئۇ بالىنىڭ توخۇ گۆشى چاناش كۆتىكىنىڭ ئەتراپىدا خېلى كۆپ توخۇ گۆشىنىڭ ئۇۋاقلىرىنىڭ

تۇرغانلىقىنى كۆردى ھەمدە ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى، دىگەندەك بىر ھازادىن كېيىن، ھېلىقى گۆشلەرنى بالا يىغىپ يېيىشكە باشلىدى. تۇرسۇنجان ھەممىنى چۈشەندى. بۇ بالا باشقىلارغا ساتقان تۇخۇ گۆشلىرىنى پارچىلاش جەريانىدا «قاقتى - سوقتى» قىلىش بەدىلىگە سەمرىگەن، بۇنداق قىلىش بەكمۇ پەسكەشلىك ھەم ئادەم قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىناتتى. تۇرسۇنجان بۇ چاغدا كىشىنىڭ رىزقىنى يېيىشنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى، ئىش قىلغاندا تولۇق قىلىش، كىشىنىڭ رىزقىغا كۆز سالماسلىق ھەققىدە تەربىيە ئىشلەپ، ھېلىقىدەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ، ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بۇ ئىش دەمال تۈگىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ غەللىنى كۆزەتتى، كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى، ئالغان ، كىرگۈزگەن خام ماتېرىيال بىلەن كىرىم ئەھۋالىدا بىرنەچچە قېتىم ئېگىز - پەسلىكنى ھېس قىلدى. بۇ چاغدا، ئۇ بالىغا دارىتمىلاپ، شەپە بېرىپ، دىققەت قىلىشنى ئىشارە قىلدى، ھالبۇكى، بالا بۇنى ئانچە پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمىدى. ئېنىقكى، بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىدىكى ھەر بىر ئىشنى بىلىدۇ. بىراق بالا بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى. بىر كۈنى بالىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىش باشلاندى. سەھەردىلا ئۇ بىرنەچچە يۈز يۈەنگە سودا قىلدى. تۇرسۇنجان غەللىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئاران 150 يۈەننىڭ بارلىقىنى، قالغان پۇل بالىنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. كەچتە غەللىنى ساناش بىلەن ئەسلىدىكى ماتېرىيال پايدا نىسبىتى قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ، 600 يۈەن پۇلنىڭ كەملىكىنى ئېنىقلىدى، مۇشۇنداق ئېنىقلاشنى ئۇدا بىر ھەپتە ئېلىپ باردى، ھەر كۈنى 300 يۈەندىن 600 يۈەنگىچە پۇل كەم كۆرۈلدى. بۇ ھەقتە بالىغا بىرنەچچە قېتىم ئەسكەرتىپ قويدى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا ماتېرىيالنى بىرمۇ بىر ئۆتكۈزۈپ، كەچتە بىرلا ھېساب

ئالدى. ئىش شۇ چاغدا تولۇق ئاشكارىلاندى، بالا يەنە 600 يۈەن پۇلنى چۆنتىكىگە سېلىۋالغانىدى، قىستاشنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، تۇرسۇنجان ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى تولۇق بايان قىلىپ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىشىنى ئېيتتى. ئاتا - ئانا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بالىسىنى ئۇرغان پېتى ئېلىپ كەتتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بالا كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 600 يۈەن، ئاز بولغاندىمۇ 300 يۈەن تىقىۋېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 يۈەن پۇلنى تىقىۋالغان، ئىش ھەققىگە ئېيىغا 1500 يۈەن ئالىدىغان بۇ بالا شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپ قېتىم دۇكانغا كېلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تۇرسۇنجان قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىنورمال ئىشقا سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىستىقبالىنى يوققا چىقىرىپ قويغانىدى. دۇكاندىن قاقتى - سوقتى قىلغان پۇللىرىغا موتوسىكلىت ئالغان، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى بېجىرگەن، لېكىن ماروژنى ئېتىش، توخۇ گۆشى پىشۇرۇش ھۈنىرىنى تۈزۈكرەك ئۆگەنمىگەنىدى. ئۇ ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن، باشقا ئۇششاق ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ھامان زىيان تارتقان، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرسۇنجاننى بىرقانچە قېتىم ئىزدىگەندىن كېيىن، بالىڭىز ئۆزى كەلسۇن دېگەن، بالا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە: ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئىش ئورنىغا ئېرىشىش - قايتا جانغا ئىگە بولۇشقا ئوخشاش ئىش. شۇنى بىلگىنكى، ساڭا بەرگەن ئىش ئورنىنى قەدىرلىمىدىڭ، ئەڭ يامان بۇلغىنى ئەقىدىسىزلىك قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىقىڭ، چىقىش يولۇڭنى بۇلغىدىڭ، بۇ جەھەتتە سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قويۇۋەتتىڭ. روھىڭ پاك، ھەرىكىتىڭ ساغلام بولسۇن! شۇ چاغدا ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقالايسەن، مېنىڭ سېنى چاقىرىشىم يەنە ساڭا ئىش ئورنى بېرىش ئەمەس، بەلكى ساۋاق ئارقىلىق تەربىيە بېرىش!... دېگەن.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

**1. قەدىرلەش تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك** كىشىلىك ھاياتتا ئادەملەرنىڭ ئېرىشىدىغىنى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ھەممىسىنى ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، بەزىلەر ئېرىشكەن ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى بىخۇدلۇق، نادانلىق قىلىپ، قولىدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ؛ بەزىلەر بولسا، شۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندە كېچىپ قالغان بولىدۇ. بايىقى بالا ئىككى ئىشنى قولدىن بېرىپ قويغان: بىرىنچىسى، ئىش ئورنى؛ ئىككىنچىسى، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بولغان، تۇرمۇشتىكى چىقىش يولىنىڭ مەنبەسى. بىر ئادەم ئۈچۈن كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇ ئىككى نەرسە بولمىسا بولمايدۇ، ئىش ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساس. ئىش ئورنى شۇ ئادەمگە پۇل تېپىپ بېرىدۇ، ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ماددىي، مەنىۋى مۇھىتىنى يارىتىپ، ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى پاراغەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىش ئورنى بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا شۇ ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى ھەل قىلىش، يولغا سېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىر مەزگىل ھەل قىلغىلى بولسىمۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە باش ئاغرىقى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلە بىر پۈتۈن، تولۇق، ئۇزاق مەزگىللىك ھەل بولمايدۇ. شۇڭا ئىش ئورنىغا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى بەختكە ئېرىشكەنگە ئوخشاش ئىش. ئۇنى قەدىرلەش، سۆيۈش، ئاسراش، قوغداش تولىمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇڭا كىم بولسۇن، ئىش ئورنىنى قەدىرلىشى، كەسپىنى سۆيۈشى كېرەك. بۇ ئىككى تەرەپ يېتەرلىك سۆيۈلۈشكە ئىگە بولمىسا، يۇقىرىقى بالىدەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

**2. كەسپىي ساپا ھازىرلاش كېرەك.** ھۈنەر ـ كەسىپ كىم

ئۇچۇن بولسۇن ناھايىتى مۇھىم ئامىل. ئۇ، شۇ ئادەمنىڭ ئىش ئورنى ھازىرلىشىدىكى دەستۇرى، ھۇنەر - كەسىپ دېگىنىمىز مەيلى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولسۇن ياكى باشقا ساھەلەردە ئىشلىگۈچى بولسۇن، شۇ ئىش ئورنىغا لايىق ساپا، كەسىپ ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. كەسىپ شۇ كىشىنىڭ ئىش ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ، كەسىپتىكى ئارتۇقچىلىق شۇ كىشىنىڭ ئىش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئىش ئورنى بىلەن كەسىپ بىر - بىرىسىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ھەم ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىلىك رول شۇ ئىشتا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ. مۇشۇ جەرياندا كەسىپنى بېرىلىپ پۇختىلاش، مۇستەھكەملەش ناھايىتى مۇھىم ئىش. مەيلى سىز قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىڭ ، شۇ ھۇنەر - كەسىپكە لايىق ئىقتىدار ھازىرلىشىڭىز كېرەك. ھۇنەر - كەسىپتىكى كامىللىق سىزنى ئۇزاق مەزگىل ياخشى، قولاي ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ساپا ھازىرلاش بىلەن بىرگە ئۇنى جانلىق، ئەمەلىي ئىشلىتىش، ئۇنىڭ پاراغىتىنى بەرپا قىلىشقا پۇرسەت يارىتىش كېرەك.

**3**. ئەقىدە قىلىش كېرەك بىر ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە ئەقىدە قىلىشى — قارشى تەرەپكە قىلغان ئەقىدە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە بولغان ئەقىدىنىڭ نامايان قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۆزىگە ئەقىدە قىلىشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارغا قىلغان ئەقىسىدىمۇ ھەقىقىي بولمايدۇ. پەقەت ئادەم ئۆزىگە ئەقىدە قىلىشنى بىلگەندىلا، ئاندىن باشقىلارغا ئەقىدە قىلىشنى بىلگەن بولىدۇ. باشقىلارغا ھەقىقىي ئەقىدە قىلىش ئۆزىگە ھەقىقىي ئەقىدە قىلىشقا ئوخشاش بولىدۇ. بايىقى بالىنىڭ ھەرىكىتىدە ئەقىدە يوق، چۈنكى ئۇ ئۇستىسىغا ئەقىدە قىلىشى، ئۆگىنىدىغان ھۇنەرگە ئەقىدە قىلىشى، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرگە ئەقىدە قىلىشى كېرەك. ئەقىدە

قىلغاندىلا ھۆرمەت بولىدۇ، كۆيۈنۈش، ئاسراش ۋە سۆيۈلۈش بولىدۇ، مانا بۇلار ئۇلارنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ، ھۈنەر - كەسپىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كەسپىنى يولغا قويغۇچىنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇنداق ئىلگىرى سۈرۈش ئەقىدە قىلغۇچىلارنى تۈرلۈك ئىمتىيازغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر كەسپىنى يولغا قويغۇچى ئىلگىرى سۈرۈلۈش مۇقامىغا يېتەلمىسە، ئېنىقكى، ئەقىدە قىلغۇچىلار ھېلىقىدەك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا كىمنىڭ ئىشىنى قىلىش، كىمگە ئىشلەشتە ئەقىدە قىلىش — ماھىيەتتە ئۆزىگە ئەقىدە قىلىش بولىدۇ. سىز كىم بولۇڭ ئۆزىڭىزگە مەنپەئەت قىلىۋاتقان ئىشقا، ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ پايدىسىغا ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ.

**4. سەممىي بولۇش، ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلىنىش كېرەك**

سەممىيلىك ئادەمنى چىرايلىق، ساپ دىل، ھەققانىي قىلىدۇ، بۇنداق ئادەم مەڭگۈ سولمايدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، مەغلۇپ بولمايدۇ، ئاچ كۆزلۈك، قىزىل كۆزلۈكتىن يىراق تۇرالايدۇ. سەممىيەتسىز ئادەم ھامان ئۆزىنى قويۇۋەتكۈچىدۇر. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر ھېلىقى بالىغا ئوخشاش ئۇستىسىغا خىيانەت قىلىدۇ، ياشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، بۇنداق ناچار قىلمىش، ئەخلاقسىزلىق ئادەمنى ھەرقاچان يەرگە قارىتىدۇ. ئىشسىز قالدۇرىدۇ. شۇڭا سەممىي، راستچىل، دىيانەتلىك بولۇش - ئادەمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدۇ، بەخت يولىغا پايانداز سالىدۇ. مەيلى باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىڭ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىڭ، سەممىي، ساداقەتمەن بولۇڭ، بۇ ھايات يوللىرىڭىز ئۈچۈن دەسمايە سالغىنىڭىز بولىدۇ.

# يالغان سۆزلەپ ئۆزىنى قويۇش

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن قوشنىمىزنىڭ تامچىلىرى توغرۇلۇق يەنە بىر كەچمىشتىن خەۋەردار قىلماقچى.

قوشنىمىز كۆپ قېتىم تامچى ئىشلەتتى. بىر قېتىم تېمىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىنى كۆنلۈك ئىشلەيدىغان تامچىلارغا ياساتتى. تۆتىنچى قەۋەتنىڭ ئەڭ قىيىن نۇقتىسى بولغان بالا بېشىنى ئىشلىمەكچى بولغاندا، بىرقانچە كۈن ئىشلىگەن تامچى ئەتە كېلىپ ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ بېرىمىز، دەپ ۋەدە قىلىپ كەلمىدى. بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە، ئۆي ئىگىسىگە يەنە بىر تامچى لازىم بولۇپ، مەدىكارلار بازىرىغا بېرىپ، ھېلىقى تامچىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ بۇ كىشىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئىش ئورنىغا باشلاپ باردى ـ دە، ئۇلارغا يەنە ئىش تاپشۇردى. كەچتە ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىشلىگەنلەر كەتمەكچى بولۇپ ھېسابات قىلىپ بېرىشىنى ئېيتقاندا، قوشنىمىز ئۇلارغا تېخى ئىش تۈگىمىدى، ئەتە يەنە كېلىپ ئىشنىڭ داۋامىنى تۈگىتىپ بولۇڭلار، پۇلۇڭلارنى ئەتە بىراقلا بېرىمەن، دېدى. تامچى بىلەن كەلگەن ئىشلەمچىلەر ئەتىسى كەلمەيدىغانلىقىنى دېگەندە، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ پۇلىنى بېرىپ يولغا سالغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالدىنقى قېتىم ئۆزىنى ئالدىغان ھېلىقى تامچىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپپۇزدا ئەتە سەن كېلىشىڭ كېرەك! سېنىڭ ھېسابىڭنى ئەتە

قىلىمەن، دېگەندە، ئۇ ئىشلىگەن بىر كۈنلۈك ئىشىمغا مەن رازى، سىلىدىن پۇل ئالمايمەن، دەيدۇ، ئىش ئىگىسى رەھمەت ئېيتىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. لېكىن بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى تامچى قايتىپ كېلىپ، ئەتە ئىشلىگىلى كېلىدىغانلىقىنى دېگەن ۋە ئەتىسى كەلگەن، بىراق قوشنىمىز ئەتىسىمۇ تامچىغا بىر تىيىنمۇ ئىش ھەققى بەرمىدى. تامچى كەچتە نۇرغۇن تالاش - تارتىش قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا قۇرۇق قول كەتتى. چۈنكى قوشنىمىز ئۇنى ئەتىسى يەنە كېلىشىنى دېسە، بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ئەدەپسىز گەپلەر بىلەن ئۇنى تىللىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەتە كېلىپ، ئىشلەپ ئىشنىڭ ئايىغىنى چىقارساڭ، ئاندىن پۇللىرىنى تولۇق بېرىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن تامچى ئەتىسى يەنە كېلىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇردى. بۇ ئىش تامچىغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. قوشنىمىز ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ئايرىم بىر كۈنى تامچى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا: سەن ئۆتكەندە مېنى ئەخمەق قىلدىڭ، مەن سېنىڭ ئىناۋەت - ئوبرازىڭنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ماڭا ئوخشاش نەچچە ئون ئادەمگە يالغان سۆزلەپ، ئۇلارغا زىيان سالىدىغان خاراكتېرىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. سەن ناھايىتى ئىشەنچسىز ئادەم ئىكەنسەن. ئەسلىدە شۇ چاغدا مەن سېنى نەدىن بولسۇن تېپىپ دۇمبالىساممۇ ئازلىق قىلاتتى. ماھىيەتتە سەن مېنى ئەمەس، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالدىدىڭ. ئەگەر شۇ كۈنى سەن كەلگەن بولساڭ ياكى ماڭا يالغان سۆزلىمىگەن بولساڭ، ئىشىم ئاقساپ قالمايتتى، ماڭىمۇ ئۇنچە كۆپ زىيان بولمىغان بولاتتى. ئىشىم كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمەيتتى. ھېسابلىسام، شۇ قېتىم ماڭا بولغان زىيان 2000 يۈەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ. كىم بولسۇن، كىشىنى ئالدىغان ئادەم ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالدايدۇ. دېمەك، ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋېتىدۇ، دەپ سەمىمىي نەسىھەت قىلدى.

ئەسلىدە تامچى ئازراق ئارتۇق پايدىنى دەپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئويلاشمايلا، ئەتىسىدىكى باشقا پايدىسى كۆپرەك ۋە ئاسان ئىشقا قىزىقىش سەۋەبلىك شۇ سەۋەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغان، يەنى تامچى ھېلىقى كونى سەھەردە «لاگېر» دەپ ئاتىلىدىغان ئىشلەمچىلەر بازىرىغا بارغان، كۈتمىگەن يەردىن يەنە بىر تام ياساتقۇچى ھاجەتمەن ئاسان ھەم پۇلىمۇ ياخشى بىر سودىغا يولۇققاندا، تامچى پۇلنى كۆپرەك تېپىش خىيالى بىلەن قوشنىمىزنىڭ ئىشىغا بارماي ھېلىقى يەرگە كېتىپ قالغان.

## ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

**1. لەۋزىدە تۇرۇش، يالغان سۆزلىمەسلىك كېرەك.** كىم بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ساقلاش ئۈچۈن، يالغان گەپ قىلماسلىقى، لەۋزىدە تۇرۇشى كېرەك. كونىلار لەۋزىدە تۇرۇشنى بىر خىل ئېسىل ئەنئەنە ۋە پەزىلەت قىلىپ يېتىلدۈرگەن. ئۇلار ئىرادىسىز، مەدەنىيەتسىز، ساپاسى يوق ئادەملەر نادانلىقى سەۋەبىدىن كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ لەۋزىدە تۇرمايدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار، بۇنداق ئادەملەرنى كىشىلەرمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىشمۇ بەرمەيدۇ، ئىشقىمۇ بۇيرۇمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، ئەل ـ جامائەتتىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىشەنچسىز، ئوبرازى خۇنۇك بولغاچقا، ئىشقا ئىگە بولمايدۇ، ئىشسىز قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قوشنىمىزنىڭ ئىشىنى قىلغان تامچىنىڭ كەچمىشىدىمۇ مۇشۇ خىل ئىشلار تەكرار يۈز بەرگەن. ئۇ كۆپ قېتىم ئازغىنە پۇلنى دەپ باشقىلارغا كۆپ قېتىم يالغان سۆزلىگەن، ئاخىرىدا ھەممىسىدىن تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرىغان،

لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قوشنىمىزغا ئوخشاش ساۋاق بەرمىگەن، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن لەۋزىدە تۇرۇشقا نىيەت قىلغان.

**2. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوبراز يارىتىش كېرەك.** كىشىدە ئەخلاقىي ئوبرازى، كەسىپ ئوبرازى، ئېتىقاد ئوبرازى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئوبرازى... قاتارلىق ئوبرازلار بولىدۇ. بىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر. مۇشۇ بىر قاتار تەرەپلەر شۇ ئادەمنىڭ ئادەملىك سالاھىيىتى ۋە سالاپىتى، قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم. بۇنداق ئوبراز ساپ دىللىق، سەمىمىيلىك ۋە لەۋزىدە تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئۆز ئىشىغا ئەقبەدە قىلغاندەك ئەقىدە قىلىش ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. بۇ بىر قاتار تەرەپلەرنى كىشى ئۆزىگە تەتبىقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا خىزمەت، كەسىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا بېغىشلىشى كېرەك.

**3. لەۋزىدە تۇرۇش، ۋاپادار بولۇش كېرەك.** «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»، «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ»، بۇ تارىختا تولۇق ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. يۇقىرىقى تامچى بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىككى ئىشنى قىلىشى كېرەك: بىرىنچىسى، ئەتىسى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىغا چىقالمايدىغانلىقىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىسى، قىلىۋاتقان ئىشىدا شۇ كۈندىكى باھانىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. بۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشتىن مىڭ ئەۋزەل بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى يېتىشتىن ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئوبرازىغىمۇ نۇقسان يەتمەيدۇ. لەۋزىدە تۇرۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى، قىلىۋاتقان ئىشنى مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر تولۇق تۈگىتىش، گەپ بولسا ئاخىرىدا

دېيىش ياكى نەق گەپنى قىلىپ قويۇپ ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئېيتسا بولىدۇ. مانا بۇ لەۋزىدە تۇرۇپ قىلغان ئىشنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان روھ. بۇ قارشى تەرەپنى رازى قىلىدۇ، ھەتتاكى سۆيۈندۈرىدۇ. قارشى تەرەپ پەقەت گەپ ئۇقمايدىغان، كاج، جاھىل، چىدىماس ئادەم بولمىسىلا.

**4. باشقىلارنىڭ ئىشىغا كۆيۈنۈش كېرەك.** بىر ئادەمنىڭ ھاجەتلىك ئىشى باشقىلارنىڭ پاراسىتى ياكى خاس ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىجابەت بولىدۇ، ھاجەتمەن باشقىلارغا قىلدۇرىدىغان شۇ ئىش ئېنىقكى، ناھايىتى كۆيۈنىدىغان، ئەقىدە قىلغان ئىش بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئىشنى قىلغۇچى ھاجەتمەننىڭ ئاشۇ خىل خاسلىقىنى قوبۇل قىلىشى، شۇ تەرىقىدە تونۇشى ۋە شۇ خىل روھ بىلەن ئىشلەپ بېرىشى كېرەك. دەل شۇ تەرىقىدە كۆيۈنۈش بىلەن ئەقىدە بولغاندىلا ئىشنى تۈجۈبىلەپ، ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەيدۇ ـ دە، ئىشنىڭ سۈپەتلىك پۈتۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنى خۇشال قىلىدۇ ھەمدە لەۋزىدە تۇرۇپ، ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە ھامان ئىش تېپىلىپ تۇرىدۇ، ئىشسىز قالمايدۇ. مەدەنىي ۋە ساغلام روھىي كەيپىياتقا ئىگە ئادەملەر ئىش قىلغاندا دەل مۇشۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ، بۇ ياخشى ئادەت ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىنى كۆپەيتىدۇ ھەم تاپاۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى لەۋزىدە تۇرۇش بەدىلىگە نۇرغۇن ئىشلار شۇنداق سۈپەتلىك يۈرۈشۈپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان سۆيۈنۈشلەر بارلىققا كەلگەن. قىسمەن كىشىلەردە لەۋزىدە تۇرماسلىق كۆرۈلۈپ، ئۆزگە ۋە ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. بۇرۇنقى كىشىلىرىمىز لەۋزىدە تۇرۇشنى ھۆججەت ـ ئىسپاتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. شۇڭا ئۇلار ئىشەنچ بىلەن سەممىيلىكنى

ئۆزىنىڭ مەقسەت - نىشانى قىلىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى يولغا سالالىغان، بۇگۈنكى كۈندە، بۇ خىل پەزىلەت تولىمۇ كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىر - بىرسىگە ئىشەنمەسلىك، بىر - بىرىگە سەممىيەتسىزلىك قىلىش ئەۋج ئېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قويۇشتەك بىر تەرەپلىمە زەئىپ مەۋجۇتلۇقنى شەكىللەندۈردى. بۇ بىزگە بىچارىلىك، پۇشايمان بېرىدۇكى، ئۇزاق مەزگىللىك پۇرسەت، شاپائەت بەرمەيدۇ. شۇڭا بىز مۇشۇ جەھەتتىكى روھىي كېسەللىرىمىزنى داۋاملىق داۋالاپ ساقايتىشىمىز، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئەقىدىگە ئەقىدە، كۆيۈنۈشكە كۆيۈنۈش، سۆيۈنۈشكە بېرىلىدىغان ساپانى ھازىرلىشىمىز ۋە يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

# قىزىپ كېتىشتىن قويۇلۇپ كېتىشكىچە

بىر كۈنى تۇرغۇن ئىسىملىك بىر تونۇشۇم ماڭا تېلېفون بېرىپ، بىر يەر دەۋاسىغا چېتىلىپ قالغانلىقىنى، مېنىڭ ياردەم قىلىشىم كېرەكلىكىنى دېدى. مەن ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سوراپ شۇنى بىلدىمكى، ئۇنىڭ بىر تونۇشى سەككىز يىل ئىلگىرى بىنوز يەر ئېچىپ خېلى كۆپ يەرنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالغانىكەن. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يېزىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ئالمىشىپ، يەرلەرنى قايتا ئېنىقلاپ، بىر بۆلۈك يەرنى يېڭىدىن «تېپىپ»، تېرىلغۇ يەرنىڭ يېزا مالىيەسىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسىنى ھېسابلاپ كىرىمنى ئاشۇرماقچى بولغان، شۇ قاتاردا تۇرغۇننىڭ ئۇ تونۇشىنىڭ يېرىمۇ «زەرىبىگە ئۇچراپ»، قايتا توختام تۈزۈشكە بۇيرۇلۇپتۇ. ئەسلىدىكى توختامنى بىكار قىلىش بەدىلىگە ئۇنىڭ يېزىغا تۆلەيدىغان ھۆددە پۇلى بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيتىلىپ، «چىدىساڭ تەر، بولمىسا يەرنى ئۆتكۈزۈپ بەر»گە مەجبۇرلىنىپتۇ، بۇ ئىش بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا دەۋا ـ دەستۇر باشلىنىپ، يەر يېزا كادىرلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باشقا بىر ئادەمگە ھۆددىگە ئېلىشقا بېرىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى يەر ئىگىسىگە نۇرغۇن زىيان بولۇپتۇ، بۇ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئاخىر سوتقا بېرىپتۇ. سوت ھېلىقى كىشىنىڭ بىر قىسىم زىيانلىرىنى بېكىتكەندىن كېيىن، يەرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ، ئەسلىدىكى توختامنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. قارشى تەرەپ قايىل بولماي ئىككىنچى سوت دەۋاسى شەكىللەنگەندە ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ، دەۋاگەر

ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا دۇچ كەپتۇ. ئۇ بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ يىلدىق يەرگە بىرىنچى سوت بۇيرۇپ بەرگەن زىيان پۇلىنى ئاز كۆرۈپ، يۇقىرى سوتقا بىرنەچچە مىليون يۈەن تۆلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ نارازىلىق ئەرزى سۇنغان. چۈنكى، بۇنىڭغا بۇ مەسىلىھەتنى كۆرسەتكەن كىشى بۇ دەۋادا نۇرغۇن يوچۇق ۋە كەمتۈكلۈكنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا توغرا مەسلىھەت بەرمىگەن، ئۇنىڭ قانۇن، قائىدىلەرگە تەتبىقلىغان پاكىتلىرى نامۇۋاپىق بولغاچقا، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىدىكىدەك بولمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ نۇرغۇن تۆلەم پۇلنى ئېلىشتەك خام خىياللارغا بېرىلىپ، تۇرغۇنىنى بۇ دەۋاغا مېڭىشىپ بەرسە، 100 مىڭ يۈەن ئايرىپ بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. كېيىن ئۇ چوڭ تۆلەم پۇلنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ روھىي، جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەئىپ ھالغا كېلىپ قالغان دەۋاگەرنىڭ ناچار ئەھۋالىغا قارىماي، تۇرغۇن ئۇ چوڭ پايدىنى ئېلىشنىڭ خىيالىغا بېرىلىپ، ئۇنىڭ تۆلىمىدىن مەنپەئەتلىنىش تەمەسى بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە دەۋاگەر تونۇشىغا ئاشخانا ئېچىپ تاپقان 30 مىڭ يۈەن پۇلنى دەۋادا ئىشلىتىشكە بېرىپ قويغان ھەمدە ئۇ، بۇ ئىشتىن ناھايىتى ئۈمىدلىنىپ، شۇ پايدا ئالغان پۇلنى ئالسا، قەشقەردىن ياكى ئۈرۈمچىدىن ئۆي ئېلىش، ئاشخانىسىنى ئېسىل قىلىپ بېرىش خىيالى بىلەن مەست بولۇپ يۈرىدۇ. ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ، تۇرغۇننىڭ ئائىلىسىدە جېدەل بېسىقمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ماڭا دېيىشىچە، بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان ئاشخانىسىمۇ تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىش توغرۇلۇق كۆپ ئويلانغان، بىراق بىر باشقا چىقالمىغان، ھېلىقى تونۇشى يالغۇز تۇرغۇندىنلا پۇل قەرز ئېلىپ قالماستىن، باشقا تونۇشلىرىدىنمۇ پۇل قەرز ئالغان. ھېلىقى «ھۆكۈم»دە ئۇنىڭغا

بۇيرۇلىدىغان زور مىقداردىكى پۇلنى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ ئالسا، ئۇ بىراقلا باي بولۇپ كېتەر ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ نەتىجىگە زادى قاچان ئېرىشىدۇ؟ شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ھېلىقى يەر ۋە زىيان تۆلىمى ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. چۈنكى يەرنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىغا نەچچە يۈز مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىۋەتكەن، ئۆي - ئىمارەت سېلىۋەتكەن، 1000 تۈپتىن ئارتۇق ياڭاق كۆچىتى قويغان، بۇنىڭ بىر قىسمى مېۋىگە كىرىپ بولغانىدى. ئەينى چاغدا تۇرغۇنىنىڭ ئۇ تونۇشى يېزا باشقارمىسىغا ئۇدا ئىككى يىل يەر ئىجارە پۇلىنى تۆلىمەي ئارقىغا سۈرگەنلىكى، يەرگە ئېرىق - ئۆستەڭ چاپقۇزغاندىكى ئىش ھەققىنى بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك يېزا ئەسلىدىكى توختامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، يەر باھاسىنى ھازىرقى بازار باھاسى بويىچە ئۆستۈرۈپ خېرىدار چاقىرغانلىق سەۋەبى بىلەن بىرىنچى سوتتا دەۋاگەرنىڭ زور ئۇتۇق قازىنىش ئۈمىدىنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇنچە يىل جاپا تارتىپ ئاچقان يەرنىڭ ھەققىي ئىگىسى ئۆزى ئىكەنلىكىدەك بىر تەرەپلىمە قارىشىدا چىڭ تۇرغان. بۇ يەردە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، شۇنداقلا يۇقىرىدا دېيىلگەن بىر قاتار مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلمىغان. ئېنىقكى، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئەمدى يەرنى قايتا ھۆددىگە ئېلىشى، زىيانلىرىنى تۆلىتىۋېلىشى مۇرەككەپ بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنداق، بۇ دەۋا ئۇنى قاتتىق چارچاتقان، ھالسىراتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقىش يولىنى تاپالماي، پەقەت تۇرغۇنغا ئوخشاش ھېسسىياتچان، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە پۇل بىلەن قوللىشىدەك سەلبىي يولغا كىرىپ قالغان. بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ، دەۋاگەر مەسىلىنى ئەتراپلىق ئويلىماسلىق، توغرا يەكۈن چىقارماسلىق ۋە ھېسسىياتقا بېرىلىش بىلەن ئۆزىنى قويۇۋەتكەن. بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغان تۇرغۇنغا ئوخشاش ئادەملەرمۇ ئۆزىنى ئۆزى

قويۇۋەتكەن بولىدۇ. ئاخىرى چىقمايدىغان بۇ ئىش بىر توپ ئادەمنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ ۋەيران قىلغان.

بىزدە، يۇقىرىقىدەك ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ۋە ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتتى بولمىغان تۈرلەرگە قىزىقىپ مەبلەغ سېلىپ قويىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ بىرقانچە تەرەپتىكى ئامىللارغا باغلىق. بىرىنچىدىن، بۇ خىل ئادەمنىڭ ساپاسى تۆۋەن، تەربىيە يېتەرلىك بولمايدۇ، يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ھېسسىياتقا زىيادە بېرىلىپ، كېلەچەكنى كۆرەلمەيدۇ، كۆرسىمۇ يامان تەرەپنى ئەمەس، بەلكى يۇقىرىقىدەك ياخشى كۆرۈنىدىغان تەرەپنى كۆرۈش بىلەن ئالدىنىپ قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار، چاكىنا خاراكتېرگە ئىگە، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىزارتىش خاھىشى كۈچلۈك، نەپ ئېلىشنىلا كۆزلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھۇرۇن بولۇپ، ئىش قىلماي باي بولۇش، ئەقىدە قىلماي يول تېپىش كويىدا بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، تولىمۇ كۆيۈمچان، ھېسسىداشلىقى كۈچلۈك، قارىسىغا ياردەم بېرىشكە ئادەتلىنىپ قېلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئادەملەر بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ، قارىغۇلارچە ياردەم بېرىشكە زورىقىدۇ.

يېقىندا مەلۇم ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەم بىر تونۇشىنىڭ ئۆي دەۋاسىغا ئارىلىشىپ قالدى. ئاغىنەمنىڭ ھېلىقى تونۇشىنىڭ مەلۇم شىركەتتە ئېلىشى بولۇپ، ئۇ شىركەت ۋەيران بولغانلىقتىن، شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلىنىڭ ئۆيىنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاغىنەمنىڭ ئۇ تونۇشى ئۆينى سېتىۋېلىشقا قىزىقىپ، 100 مىڭ يۈەننى باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ، ئۆزىدىكى 67 مىڭ يۈەننى قوشۇپ ئۇ ئۆينى سېتىۋالغان. كۈتمىگەن يەردىن ئۆي، ئىجرا قىلىنىش تەرتىپىگە ئۇيغۇن بولماسلىق سەۋەبىدىن ئەسلىي ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغان بولغان. چۈنكى، دەۋا نىشانىدىكى بۇ ئۆي شەخسنىڭ نامىدىكى ئۆي بولۇپ، شىركەتكە تەۋە ئەمەس ئىكەن.

شۇڭا ئۆي ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغان بولۇپ كېسىم قىلىنغان. دەۋاگەر ئاغىنىمدىن ئالغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى باشقا ئىشقا ئىشلىتىپ قويغان بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ يەنە بىر دەۋا شەكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتتىق سوغۇقچىلىق چۈشكەن. دېمەك، بۇ يەردە دەۋاگەرمۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغان، يەنى ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋەتكەن بولىدۇ.

بۇنداق ئىشلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىيەتتە بىز ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز. قارىماققا ، بۇ ئىشلار خۇددى توغرىدەك، يوللۇقتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلاردىكى ئاساسىي نىشانىنىڭ باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆزى نەپ ئېلىشقا بېرىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزى پايدا ئالىدىغان ئىشتىن قانۇنىي ئىگىلەرنىڭمۇ پايدا ئېلىش، نەپ ئېلىش كويىدا پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلمايدۇ. ئاشۇنداق خىيال پەيدا بولغان قىزىقسىنغۇچىلاردا ئېنىقكى، پايدا - نەپنى باشقىلارغا بېرىپ قويۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكە ئېلىشمايدۇ. مانا بۇ قىزىققۇچىلارنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىدىكى يوشۇرۇن مەنبە.

ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان، تىجارىتى شۇنچىلىك ياخشى بىر دوستۇم بولۇپ، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر چالغۇ - ئەسۋاب ياساپ ساتقۇچى ئۇستام بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇستامنىڭ پىلانى بويىچە قەشقەردىكى بارلىق چالغۇ ئەسۋاب ياساپ ساتقۇچى ئۇستىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلار ياسىغان مەھسۇلات بىلەن پۈتۈن قەشقەرنىڭ ساياھەت بازىرى، بولۇپمۇ ساياھەت بۇيۇملىرى بازىرىنى تىزگىنلەش غەرىزىدە بولۇپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئۇستامنىڭ ھەر يىلى تېپىۋاتقان تاپاۋىتىنىڭ شۇ قەدەر كۆپلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلىنسا، نۇرغۇن ئىشلار يۈرۈشۈپ، زور مىقداردىكى پايدا بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تولىمۇ قىزىقىپ قالىدۇ. ئۇ،

ھېلىقى ئۇستام بىلەن كېلىشىم ھازىرلاپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى چالغۇ ئەسۋاب ياساپ ساتقۇچىلارنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇلار ياسىغان بارلىق چالغۇ ئەسۋاب، يەنى ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن دۇتار، راۋاب، داپ، غېجەك، تەمبۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ، بازاردا مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىش بويىچە زاكالەت پۇلى تارقاتقان ھەم بۇ ئىش داغدۇغىلىق باشلانغان. ھالبۇكى، چالغۇ ئەسۋاب ياسىغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، مەھسۇلات قارىشىدىكى يەككە ئەنئەنىچىلىك خاھىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، كېيىنچە بۇ ئىش تازا راۋاج تاپمىغان ھەمدە ئۇلار ياسىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپلىكىدىن بازارغا چىقالماي بېسىلىپ قالغانلىقتىن، زىيان كۆرۈلۈپ ئامالسىز قالغان. شۇ سەۋەبلىك دوستۇم 10 نەچچە يىل ئىشلەپ تاپقان 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى بۇنىڭغا دەسمايە سېلىش بىلەن توزۇتۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى تەستە يىغىشتۇرۇپ نومۇس كۈچىدە كۈن ئۆتكۈزگەن.

بانكا كەسپىدە ئوقۇغان بىر تونۇشۇمنىڭ ئوغلى مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ مەلۇم بانكىنىڭ كىرېدىت بۆلۈمىگە يېڭىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەلۇم بىر شىركەتنىڭ بەرگەن ئازغىنە شېرىنكانىغا قىزىقىپ مەلۇم تۈرگە مەبلەغ سېلىش ئىشىغا ئارىلىشىپ، بۇ شىركەتنىڭ نۇرغۇن قەرز پۇل ئېلىشىغا ياردەم بەرگەن ھەمدە ئۆزىمۇ بىر مەبلەغ سالغۇچى قاتارىدا بۇ ئىشقا قاتناشقان. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بۇ خىل ساددا قىزىقىشى ئۇنى 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا قەرزدار قىلىپ قويغان.

ئەنە شۇنداق ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان ئىشلار كىشىگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، لېكىن بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان كەسىپ ۋە تۈرلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئادەم ھامان ئاسانلا ئالدىنىپ ئۆزىنى قويۇۋېتىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. پۇل تېپىش ۋە پايدا ئېلىش كويىدا يۈرگەن

قىسمەن ئادەملەر ھامان مۇشۇنداق قىزىقىشقا بېرىلىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەممىسىگە قىزىقسا، كىشى مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ، مۇھىمى شۇ ئىشتا كۆزى يەتكەن دائىرىدىكى ئىشنى قىلىشى ياكى تولۇق ۋاز كېچىپ باشقىلارنىڭ شۇ يولدا مېڭىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى زور پايدا ئالدىدا كىشى ۋاز كېچىشنىمۇ بىلىشى كېرەك. مانا بۇ شۇ كىشىنىڭ چوڭ ئۇتۇقى. ئەڭ مۇھىمى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆزى بىلىدىغان كەسىپنى قىلىشى، ئۆزى بىلىدىغان كەسىپنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا قىزىقىشى كېرەك.

## ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

1. كەسىپ تۈرىنى بىلىش پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشلارغا كۆزى يېتىپ قىزىقىپ قالغاندا، شۇ كەسىپنى قانچىلىك بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. بىلىدىغان كەسىپ ياكى تۈر بولسا، قول سېلىش، بىلمەيدىغان بولسا ياكى ناتونۇش بولسا توختاپ قېلىپ ۋاز كېچىش كېرەك.

2. چوڭقۇرلاش، ئەھۋال ئىگىلەش تۈر ۋە مەھسۇلاتتا قىزىقىش پەيدا بولغاندا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ھەمدە شۇ تۈرنى بىلىش، ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قانداق قىلىش زۆرۈرىيىتىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش كېرەك.

3. ياردەم بېرىش باشقىلار شۇ خىل تۈرلەرگە كىرىشىپ مەلۇم نۇقتىغا يەتكۈزگەندە قىيىنچىلىققا يولۇقسا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، ئەكسىچە قىزىقىسىنىپ شېرىك بولۇۋالماسلىق كېرەك.

4. مەبلەغ سېلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش قارامىلىق قىلىپ كۆپلەپ مەبلەغ سالماسلىق كېرەك. زىيان كۆرۈلسە ياكى مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىسا، مەبلەغ سېلىشنى توختىتىپ دەرھال چېكىنىپ چىقىش كېرەك. بۇ چوڭ زىيان بىلەن ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# مەمەدانلىقتىن ئۆزىنى قويۇش

بەزى ئادەملەر گەپ - سۆز بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ماھىر، ھەتتاكى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسا. ساۋاق ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەردىنى زەھەردەك گەپ، تەنە قىلىش، مەمەدانلىق قىلىش بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ.

مەلۇم يېزىدا خەلق ئىشلىرى، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىر رەھبىري كادىر، بىرقانچە يىل داۋامىدا ھەج قىلىشقا ماڭغان كىشىلەردىن نەپ ئېلىپ، نەرسە - كېرەك، پۇل - پۇچەك ئۇندۇرۇۋالغان. بۇنىڭغا كىشىلەر بەك نارازىلىق بىلدۇرگەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان. ئالدىنقى يىلى ئۇ مەلۇم كەنتتىكى پۇلى كۆپ بىرەيلەننىڭ ھەجگە بېرىش ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىش نامى بىلەن بىر قىسىم پۇلىنى ئالغان، لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي يەنە 8000 يۈەن بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، ھەجگە مېڭىش ئالدىدا ئۇ كادىر ھېلىقى كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قەشقەر شەھىرىگە قوغلاپ بېرىپ، پۇلنى بەرمىسەڭ، ھەجگە بېرىشىڭنى بىكار قىلىمەن، دېگەن. ھەج قىلغۇچى ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىپلا ئۇ دېگەن پۇلنى تولۇق بېرەي دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن پۇلنى بېرىسەن، بولمىسا، ھەجگە بېرىش ئىشىڭنى باھانە كۆرسىتىپ يوققا چىقىرىمەن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ ناھايىتى مۇھىم چاغدا قىلىنغاچقا، ئۇ كىشىنىڭ بىر تۇغقىنى ئۇنىڭغا دېگەن پۇلنى بېرىۋېتىپ، ھېلىقى كىشىنى ھەج قىلىشقا يولغا سېلىپ قويغان. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە پۇلنى بېرىپ قويغان ئادەم پارا تەلەپ قىلغان كادىرنىڭ

ئۇستىدىن ئەرز قىلغان ھەمدە ئۇنى تۈرمىگە سولاتقان. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ھەجگە مېڭىش ئالدىدا پۇل، نەرسە - كېرەك بەرگەن ئادەم يىگىرمىدىن ئاشىدىكەن. سوتتا ئۇ سەككىز يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، ئۆيىگە كېپىللىككە بېرىلدى ھەمدە باشقىلاردىن ئالغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ جازا كەچۈرۈم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بەزى ئادەملەر تولىمۇ قانائەتسىز كېلىدۇ، ئەسلىدىكى خۇي، نادانلىقىدىن يالتىيالمايدۇ. ئۇنىڭدا دەل مۇشۇ خىل خۇي بار ئىدى. ئۇ كۆرگەنلا ئادەمگە : «مانا مەن تۈرمىدىن چىقتىم، مەن نوچىمىكەنمەن، مېنىڭ ئۈستۈمدىن تۆھمەت قىلغان، ئەرز قىلغان نامەرد، خۇمسىلار نوچىمىكەن؟ئۇلارغا تېخى كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىپ قويىمەن، ھەر قانداق ئىشنىڭ جاجىسى پۇل، مەن تېخى يەنە ئەسلىدىكى ئورنۇمغا چىقىپ ھەر قايسىڭنىڭ بېشىغا دەسسەيمەن!» دېگەن. بۇ گەپ ھېلىقى ئەرز قىلغۇچىلارغا ئەلەم قىلدى، بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇنىڭ كىشى زەردىسىنى قاينىتىدىغان، يۈرىكىنى ئۆرتەيدىغان تېتىقسىز، ناچار گەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇنداق مەمەدانلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەپتىش مەھكىمىسىگە، كېيىن سوت مەھكىمىسىگە، ئاندىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، تەربىيەلەش مەيدانىغا تارتىپ ئاپىرىلدى ھەمدە سەككىز يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، تەربىيەلەش مەيدانىدا ئىجرا قىلىنىشقا مۇقىملاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ياۋاشلاپ قالدى، «ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا، پۇت يۈگۈرىكى ئاشقا» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئېغىز يۈگۈرۈكلۈكى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى سوغا چىلاشتۇرۇپ، تۈرمىگە قايتا كىرىشتەك ئازابقا دۇچار قىلدى.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

پو ئېتىش، قوپال گەپ - سۆز بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش

نوچىلىق ئەمەس، ھالبۇكى، قېنى قانداق قىلالىدىڭ، نېمە قىلالايسەن؟ دېگەندەك تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىپ، مەغرۇرلىنىشمۇ بىر خىل نادانلىق ۋە چاكىنا روھىي بېقىندىچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى خازان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇكى، ھەرگىز ياخشىلىققا ئېلىپ بارمايدۇ. دەۋىلىش بەدىلىگە بىردەملىك قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغىلى بولغان بىلەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ دەمال ئادەم ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغان، ھېس قىلالمايدىغان يوشۇرۇن تەرەپ. كونىلار مۇنداق قارايدۇ:ھاياتنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، ۋاقىت ھەممىنى يېڭىدۇ، ئۇنتۇلدۇرىدۇ، كەچۈرىدۇ ھەم يېتىلدۈرىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ھالبۇكى، بىمەنە چاغدا دېيىلگەن گەپنىڭ نەتىجىسى بىمەنىلىك بىلەن نەتىجىلىنىدۇكى، ئىجابىيلىق بىلەن چېچەك ئاچمايدۇ. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولغان بولسا، كەچۈرمىشى قايتا تەكرارلانماس ئىدى...

مەھەللىمىزدە موللام ئىسىملىك ئەمەل تۇتقان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ: ئادەم قانچىكى سەمىمىي بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى شۇنچىكى مەنىلىك، قىممەتلىك بولىدۇ؛ ئادەم قانچىكى مەمەدان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى شۇنچىكى مەنىسىز، قىممىتى يوق بولىدۇ. مەن تۇرمىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن، شۇنچىلىك رايىش، تەمكىن، سەمىمىي بولدۇم، چۈنكى« ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك» دېگەندەك ئارتۇق گەپ قىلماي، ئۆز ئىشىم، ئۆز گېپىم بىلەن بولدۇم، نۇرغۇن ئادەملەر گەپكە دىققەت قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر ئېغىز ياكى بىرنەچچە ئېغىز گەپ ئادەمنى بىردەمدىلا ۋەيران قىلىدۇ. مۇۋاپىق بولمىغان گەپ، بولۇپمۇ مەمەدانلىق بىلەن قىلىنغان گەپ ئۆزى ئۇچۇن پەقەت قورساق كۆپلۈكىنى چىقىرىۋېلىش رولىنى ئوينايدۇ، خالاس. بىراق، ئۇنىڭ ئەكس تەسىرى ئادەمنى راستتىنلا ۋەيران قىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بىر

ئادەمنى ھېچقانداق ئىش ۋەيران قىلالماسلىقى مۇمكىن، لېكىن، شۇ ئادەمنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان بىرنەچچە ئېغىز گېپىلا ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. مەن تۇرمىدە نۇرغۇن قورساق كۆپۈكىنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم، ئاخىر كەچۈرۈم قىلىشقا ئېرىشتىم، تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ قورساق كۆپۈكى تارتسام ئىچىمدىن چىقارمىدىم، شۇڭا ھەممە ئادەم ماڭا ھېسداشلىق قىلدى، كۆيۈندى، قىزغىن، سەمىمىي پوزىتسىيە تۇتتى. بۇ جەھەتتە ئېرىشكەنلىرىم كۆپ بولدى.

بۇ ئادەتتىكىچە يەكۈن ئەمەس. بايىقى كادىر باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغان. ئۇنىڭ كۆزى بەك ئاچ ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قول ئۇزاتقان. بۇنىڭ ئەڭ يامان يېرى شۇكى، ئۇ بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى. ئۇنىڭ ھەج قىلغۇچىلارنى ھەج قىلىشقا تەشكىللىشى، ئەۋەتىشى كەسپىي خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش بولۇپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەرسە - كېرەك تەلەپ قىلماسلىقى، پارا ئالماسلىقى، نەپ ئېلىشنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى قىلمىۋاتقان ئىشىغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ خاتالىق. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىدا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەققى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا بولمايدۇ. ھالبۇكى، بايىقى ئادەمدەك نائىنساپلىق قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېتەرلىك جازاغا تارتىلدى ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىناۋەت - ئوبرازى، قەدىر - قىممىتى يوقالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بايىقىدەك مەمەدانلىق قىلغانلار، ئاغزىدا سېسىق گېپى بارلار مىڭ تەستە ئېرىشكەن ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالدى. كونىلار: «گەپنىڭ سۆڭىكى يوق، يۇمشاقلىقى بىلەن تاشنى ئېزەلەيدۇ، قېلىپى بولمىغان بىلەن ھايات پائالىيەتلىرىنى قىسالايدۇ. ئۇنى پۇلغا ساتقىلى بولمىغان بىلەن پۇلدىن مۇھىم نەرسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. يەنى پۇلغا ئالماي قىلغان گەپ پۇلغا توختايدۇ، گەپ بىلەن

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆزىنى كۆرسىتىش، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئۆزىنى ۋەيران قىلىدۇ» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. بايىقى ئادەم دەل ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ مەمەدانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەركىنلىكىنى يوققا چىقىرىپ، تۈرمىگە قايتا يول ئالغان. گەپ بىلەن باشقىلارنى بابلاپ قويۇۋېتىمەن دېگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۆزى بابلاپ، ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋەتكەن...

ئادەمنىڭ گەپ ـ سۆزىدىكى پەزىلەت ۋە ساپا شۇ ئادەمنىڭ ساپا ـ سۈپىتىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ دەۋر ئېقىمىدىكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇنداقلا يەنە شۇ ئادەمنىڭ تەتۈر تەقدىرىنىڭ جاكارچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، بەزىلەر ئۆزىچە پو ئاتىدۇ، بەزىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تېپىپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدۇ، قۇسۇر تاپىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھېچ نەرسىنى ھەل قىلىش رولىنى ئوينىمايدۇ. بىراق، ئۇ شۇنى دېگۈچىلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى قىممىتىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئادەم پو ئاتماسلىقى، ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى، مەمەدانلىق قىلماسلىقى، چوڭ گەپ بىلەن ئۆزىنى ئالاھىدە ئادەم قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى، كەچمىشلەردىن ساۋاق قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئادىمىيلىكنى نامايان قىلىشى كېرەك.

# هاراق ـ بەختلىك ھاياتنىڭ كۈشەندىسى

بىرقانچە ئاي ئىلگىرى ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىس ئىپلىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. قازا قىلغۇچى پېنسىيەگە چىققان كادىر بولۇپ، ھاراق ئىچىشكە خۇمار بولۇپ قالغان كىشى ئىدى، ئۇ شۇ كۈنىمۇ سىرتتا ھاراق ئىچىپ، مەست پېتى بىنادىكى ئۆيىگە كىرىپ، تاماكا تۇتاشتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قالغان، قولىدىكى تاماكا ئاستىدىكى كۆرپىگە چۈشۈپ كېتىپ ئىس چىقىشقا باشلىغان، ئۆيئىچى بىردەمدىلا ئىسقا تولۇپ، ھېلىقى كىشىنىڭ زەھەرلىنىپ قازا قىلىشىغا سەۋەب بولغان.
مەلۇم ئالىي مەكتەپتىكى مۇنەۋۋەر بىر ئايال ئوقۇتقۇچى ماڭا ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئىككى بالىسىنى يالغۇز بېقىپ قاتارغا قوشقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ يولدىشى نامى بار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان زىيالىي ئادەم بولۇپ، ھاراققا بېرىلىش بىلەن ئىستىقبالىنى يوقاتقان. ئەينى چاغدا ئائىلە، خوتۇن ـ بالا دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ چىقماي كۈنبويى قاۋاقخانىلاردا ھاراق ئىچىپ يۈرگەن. ئايالى دائىم ئۇنى يېتىپ قالغان يېرىدىن ئېلىپ كەلگەن، ئىشتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن ھالىدىن خەۋەر ئالغان، ھاراق ئىچىپ قەرز بولۇپ قالغان پۇللىرىنى تۆلىگەن، بىراق ئۇ زادىلا تۈزەلمىگەن. كېيىن مەست ھالەتتە موتوسىكلىت ھەيدەپ، ئاپتوموبىلغا سوقۇلۇپ قازا قىلىپ، ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلغان، ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ دەردىدە يېتىپ قالغاچقا ساقىيالماي قازا قىلغان. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىر ئانا ئىككى بالىنى گۈلدەك باققان بولسىمۇ، ئاشۇ دادىنىڭ دەردى ۋە ئاشۇ دادىنىڭ دادىلىق قەدىر ـ

قىممىتى تەكرار ئۆتۈلگەن. ئانىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئازابلىرى ھەر قانداق ئادەمنىڭ باغرىنى ئېزىدۇ.

**ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە**

ئەترابىمىزدا ھاراققا بېرىلىپ كېتىۋاتقان، بارلىقىنى ھاراققا تېگىشىۋاتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ئۇلاردىكى ھاراق خۇمارى ئار - نومۇسنى، ئەدەپ - ھايانى يوق قىلىۋەتكەن، ھاراق سەۋەبلىك قان تومۇر كېسەللىكى، جىگەر راكى، قان بېسىمى قاتارلىقلار پەيدا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېرۋا ئاجىزلىق، بەدەن زەئىپلىشىش ئالامەتلىرىمۇ تەكرار يۈز بېرىپ ھاياتقا، تۇرمۇشقا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ؛ ھاراق سەۋەبىدىن چىقىۋاتقان قاتناش ۋەقەلىرى، زەخىملىنىش، ئۇرۇش - جېدەل، ئائىلىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىس قاتارلىقلار شۇ ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى، بەختەرلىكى، ساغلاملىقى، تىنچ - ئامانلىقىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئادەمگە ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەك. ھاراققا بېرىلىش دەل مۇشۇنداق ئۇلۇغلۇقلارنى بەربات قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئىززەت - ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئادەمنى نام - نىشانسىز قىلىپ قويىدۇ. ھاراق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەردىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ بولىدۇ. دۇنيادىكى خېلى كۆپ مىللەتنىڭ ھاراق مەدەنىيىتى بار، بىراق بىزنىڭ يوق. ھاراق مەدەنىيىتى بار مىللەتلەر ھاراقنى ئاز ياكى چەكلىك دائىرىدە ئىچىش ئارقىلىق ئۇنى ساغلاملىق، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ھالبۇكى، بىزدە ھاراق ئىچىشنىڭ ئۆلچىمى، چېكى يوق، ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى، كىم كۆپ ئىچسە، شۇ «نوچى»! شۇ ۋەجىدىن ئاڭلىق دەپ قارالغان زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارمۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويدى، ئىقتىدارلىق ئادەملەر ئىقتىداردىن مەھرۇم قالدى. ئۇ سانسىزلىغان نوچىلارنى يوقاتتى. ئاجايىپ گىگانت نەرسىلەرنى

بەربات قىلىۋەتتى... شۇڭا ئۇنىڭدىن قورقۇش كېرەك، ئۇنداقتا قانداق قىلساق قورقۇشنى يېڭىمىز؟ ھاراق بىلەن ئۆز - ئۆزىمىزنى قويۇۋېتىشتىن ساقلىنالايمىز؟

1. **چوڭقۇر تونۇش** بىز ئالدى بىلەن ھاراققا بولغان چۈشەنچىمىز ۋە تونۇشىمىزنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى بىلەن زىيانلىق تەرەپلىرى ھەققىدىكى ساۋاتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

2. **رەت قىلىش** ھاراق سورۇنىغا كىرگەندە ئۇنىڭدىن قانچىلىق ئىچىش قارىشىنى تۇرغۇزۇش، مۇمكىن قەدەر ئىچمەسلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىگە تەڭلەنگەن ھاراقنى، بولۇپمۇ مۇۋاپىق بولمىغان ھاراق تەكلىپلىرىنى كەسكىن رەت قىلىش كېرەك.

3. **ئۆلچەم بولۇش** ھاراق ئىچىشكە نىسبەتەن ھەر بىر ئادەم قانچىلىك ئىچىش ھەققىدە ئۆزىگە ئۆزى ئۆلچەم تەتبىقلاش، شۇ ئۆلچەمنى يېتەكچى قىلىش، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇشقا يول قويماسلىق كېرەك.

4. **قوبۇل قىلىش ئۇقۇمى بولۇش** ھاراق قۇيغۇچىلار، ئۇلپەت بولغۇچىلار ھاراق ئىچمەيدىغانلارنىڭ تەكلىپىنى سەممىي قوبۇل قىلىشى، زورلاپ، مەجبۇرلىماسلىقى، رەت قىلىش ھوقۇقىنى قوللاپ، قۇۋۋەتلىشى كېرەك.

# سودىدا بىخەستەلىك قىلىش

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى چەرچىن مال تىجارەتچىسى ئابلىكىم قارى ھاجى مال قويۇش ئامبىرى سېلىشنى ئويلاپ، كەنتىنىڭ قۇرۇققا ئېلىپ قويۇلغان ئۈچ مو يېرىنى سېتىۋېلىشنى پۈتۈشتى، دەل شۇ چاغدا شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى شۇ ئەتراپتىكى بىر بۆلۈك يەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا باشلىدى، ئابلىكىم قارى ھاجى ئالماقچى بولغان يەرمۇ كىمئارتۇق سودىسى ئارقىلىق يەتتە مىليون يۈەنگە بېكىتىلدى، شۇنداقتىمۇ ئابلىكىم ھاجى ئىككىلەنمەي سېتىۋالدى، ئۇ كۈز پەسلىدىكى بازار سودىسىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن ھېلىقى يەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقىمۇ ۋاقتى يەتمىدى، قىش كىرگەندە ئۇ يەرنى كۆرۈپ كېلىشكە بارغاندا، ھېلىقى يەر سەل كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئەسلىدىكى قورۇق ئورنىنىڭ شۇ يېتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىر خىل گۇمان ئۇنى چىرمىۋالدى، ئۇ بىرنەچچە دوستىنى چاقىرىپ كېلىپ ھېلىقى يەرگە ئۆينى قانداق سېلىش، ئامبارنى نەگە سېلىش، ئاشقان يەرنى نېمىگە ئىشلىتىش دېگەنلەر ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار بىردەك ئورۇن ياخشى ئىكەن، شۇڭا بۇنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ترانسپورت بېكىتى قىلغاندا پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دېيىشتى. شۇ چاغدا بۇ ئورۇنغا غەرب تەرەپتىن بىر كىرىش ئېغىزى، شەرق تەرەپتىن چىقىش ئېغىزى ئېچىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بىراق، غەرب تەرەپتىكى كىرىش ئېغىزىنىڭ ئورنى يوق بولۇپ، ئۇ تەرەپنى باشقىلارنىڭ تېمى توسۇۋالغانىدى،

كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ تامنىڭ ئۇ تەرىپىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى، ئىگىسىنىڭ سېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ سۈرۈشتە قىلىپ، يەر ئىگىسىنىڭ كەنت شۇجىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتى. كەنت شۇجىسىنى تېپىپ بىر مىليون يۈەن پۇلنى نەق ئالدىغا قويىدىغان بولۇشتى، بىراق شۇجى باشقىلارغا سېتىپ بولغان، ئىگىسى ساتمايدۇ، ساتمەن دېسىمۇ ساتقىلى قويمايمىز، ساتسىلا مۇسادىرە قىلىمىز، دېدى. ئۇلارنىڭ بېشى قاتتى. ئاخىر ترانسپورت بېكىتى قىلىش نىيىتىدىن ياندى ھەمدە سېتىۋالغان چاغدىكى كۆلەم بويىچە باشقا قۇرۇلۇشنى قىلىشقا خەرىتە سىزىلدى، قۇرۇلۇشقا ئىش باشلانغان ۋاقىتتا خەرىتىدىكى ئۆلچەم بىلەن يەرنىڭ كۆلىمى زادىلا توغرا كەلمەي قالدى، بۇ ناھايىتى زور زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ كۆلىمىنى قايتىدىن ئېنىقلاش تەكلىپى بېرىلدى، دېگەندەك يەردىن بىر مو كەم چىقتى. ئەسلىدە سېتىۋالغان يەر ئۈچ مو، ئەمەلىيەتتە ئىككى مو چىقتى. ئۇنداقتا، ساتقۇچىلار يەرنى كەم بەرگەنمۇ ياكى ئاز يەرنى كۆپ قىلىپ ساتقانمۇ؟ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى، يەر باشقۇرۇش ئورنىنىڭ نازارەت قىلغۇچى خادىمىمۇ ئەسلىدىكى يەر شۇ بولغان بولسا، مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق، ئىلگىرى يەر ئەرزان ئىدى، مانا ھازىر قىممەت، سىلىمۇ زىيان تارتمىدىلا، ھازىر مۇشۇ يەرنى 15 مىليونغا ساتقىلى بولىدۇ، دەپ كېتىپ قالدى. ئابلىكىم ھاجى ئالدىنىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ، كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى، دوختۇرخانىدىكى ياتاقدىشى سوتنىڭ ئىجرا خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلاپ، ئەينى چاغدا يەرنى كەم بەرگەن بولسا، باشقا جايدىن يەر ئالىمىز دېگەن تەكلىپنى بېرىپ، ئۇنى ئۈمىدلەندۈردى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ھېلىقى ئىجراچى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، ساتقان چاغدىكى يەرنىڭ كۆلىمىنىڭ ئۈچ مو ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى،

ئاندىن يەر باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ ئۆلچەش خادىملىرى، كىمئارتۇق شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى نەق مەيدانغا باشلاپ چىقىپ تەكشۈرۈشنى باشلىدى. ئىش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئېنىقلاندى. ئەسلىدە يەر سېتىلغاندىن كېيىن، كەنت شۇجىسى يەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قۇرۇق تېمىنى دەرھال چېقىپ، ھېلىقى كونا تامنىڭ خىشىنى تازىلاپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا يەنە بىر تام سوقۇپ، بىر مو يەرنى بۆلۈۋالغان ئىكەن، ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتكەندە بۇ تام كونىراپ خۇددى ئەسلىدىكى تامدەكلا چاناماس ھالغا كېلىپ قالغان. بۆلۈۋالغان بىر مو يەرنى كەنت شۇجىسى 600 مىڭ يۈەنگە ساتقان، يەر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ بەشىنچى ئادەمگە 2 مىليون يۈەنگە سېتىلىپ بولغاندا بۇ ئىش پاش بولغان. سۈرۈشتۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار بىر ـ بىرسىنى قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى ئالدىغان. قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ھېلىقى قانۇنسىز تامنى ئېلىۋېتىپ، ئابلىكىم ھاجىنىڭ يېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردى.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

بۇ ئىشتا كۆپ قىرلىق قويۇش، قويۇلۇش كېلىپ چىققان. بۇ يەردىكى مەسىلە بىرلا ئىشتىن كېلىپ چىققان، يەنى بىخەستەلىك!

1. ئابلىكىم ھاجىنىڭ بىخەستەلىكى ئۆزىنى تەكرار قويۇشقا سەۋەب بولغان. ئۇ يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆرگۈزۈش داۋامىدا يەرگە ئەستايىدىل ئىگە بولۇشى، قوغدىشى كېرەك ئىدى، ئۇ يېرىنىڭ دائىرىسىنىمۇ تەپسىلىي كۆرمىگەن، خاتىرىلىمىگەن، بەلگە سېلىپ قويمىغان.

2. سېتىۋالغان يەر ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىك خەرىتىسىنى تەتىبىقلاپ، خەرىتە بىلەن يەرنىڭ بىردەك بولغان، بولمىغانلىقىنى سېلىشتۇرمىغان.

3. يەرنىڭ تۈرلۈك رەسمىيەتلىرىنى ۋاقتىدا، تولۇق ئۆتمىگەن.

4. يەرگە ئائىت ئىشلارنى بىلىدىغان كىشىلەرگە مەسلىھەت سالمىغان ھەم ئۆزىمۇ بۇ ھەقتىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرمىغان.

5. كەنت بىلەن بولغان ئالاقىدە بىردەك بولمىغان، ماسلىشىشقا سەل قارىغان.

بۇنىڭدىن باشقا ھېلىقى بەش نەپەر كىشىمۇ يەرنىڭ رەسمىيەتلىرى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە قارىمىغان، بەلكى ياخشى يەر دەپلا قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىۋالغان، ھالبۇكى يەرنىڭ ئىگىسى چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشى قاتقان، شۇنداق قىلىپ دەۋا شەكىللەندى. ئۇلار پۇللىرىنى قانداق ئېلىشنىڭ غەم ـ پاتقاقلىرىغا، سوتتىكى دەۋا تالاش ـ تارتىشنىڭ قايناملىرىغا كىرىپ قالدى. كەنت شۇجىسىنىڭ سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. دېمەك، بىخەستەلىك ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قويۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

# ئاسان پۇل تېپىش چۈشى

ھەر ئاينىڭ 24 - كۈنى xx تۇرمىسىدىكى مەھبۇسلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈن. جىنايەتچىلەردىن خىزمەت كۆرسەتكەنلىرىنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش دېلولىرىنى ئىشلەيدىغان سوتچى دوستۇم xx بىلەن تۇرمىگە بارغىنىمىزدا، يۈز نەچچە ئادەم ئۆچرەتتە ئىدى. سوتچى دوستۇمنىڭ ئوغلىمۇ خىروئىن چېكىش، سېتىش جىنايىتى بىلەن تۇرمىگە كىرىپ قالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، بىز بىرقانچە دوست بۇ ئىشنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىنى يوقلاپ بېرىشقا پۇرسەت بولماي كەلگەنىدى. ئاخىر پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانىدۇق. تۇرمىدىكى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ مۇئامىلىسى بەكمۇ قوپال بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىلكىشلىرىگە چىداشقا مەجبۇر ئىدۇق. دوستۇم ئۇزاق يىلدىن بۇيان مۇشۇ تۇرمىگە كۆپ قېتىم كېلىپ، جازا قىسقارتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكتىن تونۇش - بىلىشلىرى كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى تۇرمە ساقچىلىرى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى، ئەينەك پەردە ئالدىدا ئوغلى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا تۇرمە ساقچىسى كېلىپلا قولىدىن تۇرۇپكىنى تارتىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ بىزنىڭمۇ بەك ئاچچىقىمىز كەلگەن بولسىمۇ، سوتچى دوستۇم بولدى قىلدى. بۈگۈن بۇلارنى قايتىدىن تونۇدۇم، بولۇپمۇ يۈرىكىم قايتا بىر قېتىم تونۇدى. مېنىڭچە، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، دەپ بىزنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

دوستۇمنىڭ ئوغلى ئەسلى دوختۇر ئىدى، بىراق ئۇ ئائىلىدە ئەركە ئۆسكىنىپ قالغان، سەل بەڭباشراق بولۇپ، ئاتا -

ئانىسىنىڭ گېپىگە بەكمۇ پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى. بىرنەچچە يىل داۋامىدا كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ خىروئىن چېكىشكە ئۆگىنىپ قېلىپ، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسى پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۆزى قەرزنى قايتۇرۇشنى ئويلىغان، قەرز ئىگىلىرى قەرز قايتۇرۇشنى تەكرار قىستاپ ئارام بەرمىگەن، ئۇ چېكىشتىن زادىلا ئۆزىنى تارتالماي خۇمار بولۇپ قالغان... كېيىن ئەتكەسچىلەر دادىسىنىڭ سوتتا ئىشلەشتەك ئەۋزەللىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى خىروئىن سېتىشقا تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇل بۇ يولنى تاللاپ بىر قېتىمدىلا نۇرغۇن پۇل تاپقان. بۇ ئۇنىڭغا ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان يولدەك تۇيۇلغان. ئاردىن نەچچە ئاي ئۆتكەندە ئۇ نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، قانائەت قىلماي تېخىمۇ چوڭراق ئىش تەۋرىتىشنى ئويلىغان، بىراق كۈتۈلمىگەن يەردىن، ئۇنى ساقچىلار نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۆزىنىڭ قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندە، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بىر ئائىلىق بولغان بالىسى، قىزغىن، سۆيۈملۈك خوتۇنى ئاللىقاچان يىراقتا قېلىپ، ئازاب پاتقاقلىرىغا ئىتقىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئارقىلىق ھاياتىنى، بارلىقىنى، ھەتتاكى ئۇنىڭغا كۆيۈنگۈچى بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن رەۋىشتە قويۇۋەتكەنىدى.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

زەھەرلىك بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىش ۋە سېتىش بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى نادان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل كىشىلەر بولۇپ، بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ئازاب ۋە پاراكەندىچىلىك ئىچىگە چۆكۈپ قېلىپ، ھاياتىنى بىھۇدە نابۇت قىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەت مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ئېزىش بىلەن ئازدۇرۇش كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش تەرتىپىنى بۇزۇپ، كىشىلىك ھاياتتىكى

قىممىتىنى يوقىتىپ، ئىقتىدار ۋە پاراسىتىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا زەھەر چېكىش، زەھەر سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سانى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن، ھەر كۈنى مۇشۇ ئىبلىس بىلەن ئۆلۈۋاتقان، يۇقۇملىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە يامراپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياشلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلاملىق ساپاسى، تۇرمۇش سۈپىتىگە ئېغىر نۇقسان يېتىۋاتىدۇ.

1. ياشلارغا ئەنئەنە، ئەخلاق، ئادىمىيلىك تەربىيەسى بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقە ئىشلىرىدا ساغلام، توغرا بولغان پائالىيەت، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىش تۇيغۇسى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2. كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەن، ئەتكەسچىلىككە ئارىلىشىپ قالغان ياشلارغا چىقىش يولى كۆرسىتىش، چەكلەش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يامان يولدىن يېنىشىغا، ياخشى ئادەم بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

3. زەھەر سېتىشقا، ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلارغا قارىتا سەۋرچان بولۇش، چەكلەش، قانۇن ۋاستىلىرىنىڭ جازاسى ئارقىلىق قوغداش، تەربىيەلەش ئارقىلىق ئادەم قىلىش يۆنىلىشىگە باشلاش كېرەك.

# ئالدىنىش ۋە ئۆزىنى قويۇش

بۇگۇنكى دۇنيادا ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۇسى كەلمەيدىغان ئىشلار بەك كۆپ. بىر قارىسا، ئۇ ئىشلار راستتىنلا مەۋجۇت بولىدىغاندەك، ئەندىكىشلىك، قورقۇنچلۇق ۋە تەقەززالىقتا تولغان، قۇتقۇزۇش، دەل، جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈردەك كۆرۈنىدۇ، مانا بۇ بارلىق ئىشنىڭ سەۋەبچىسى ھەم جاۋاب قىلغۇچىسى. بىراق بىز ئاشۇ ئىشلاردا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، تەمكىن، جانلىق، سەزگۇر، ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە بولساق، ئۇ ئىشلار بىز ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق، بىز ئالدىنىپ قالغۇدەك مۇرەككەپ ئەمەس، بىر قارىساق راستتىنلا ئۈنچىلىك قەبىھ ئىشمۇ ئەمەس. بۇ بىزنىڭ قورقۇشىمىز سەۋەبىدىن ئالدىنىپ، بارلىقىمىزنى بېرىپ قويغاندىن كېيىنكى پۇشايمان ئارىلاش يىغىمىز، دەردىمىزنى تۆككەن چاغدىكى يەكۇنىمىز. بۇمۇ بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان كەچمىشىمىز. پسىخىكىمىزدىكى ئىشلىمەي چىشلەشكە خىيالى بېرىلىپ، ھېسسىي قىزغىنلىقتا تولغان ئاجىزلىقىمىزنى پەملىگەن ھىيلىگەرلەرنىڭ بىزنى قارىتىپ قويۇپ، كۆزى ئوچۇق قارىغۇدەكلا گۇمران قىلىشىدۇر.

## بىر ئانىنىڭ دەردى

بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى كوچىدا ئۆزىنى كاچاتلاپ ياتقان بىر ئانىنى كۆردۈم، نۇرغۇن ئادەم ئۇنى ئورىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھېسداشلىق، ئەپسۇسلۇق ۋە نەپرەت

مەۋجۇت ئىدى. ئانىنىڭ قىزى ئىچكىرىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولۇپ، بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى بىر تېلېفون كېلىپ: قىزىڭىز قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ، دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ، دەرھال XX... نومۇرلۇق بانكا كارتىسىغا 5000 يۈەن پۇل ئەۋەتىڭ، دېگەن. ئانا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يېنىدا بار پۇلدىن 5000 يۈەننى ئەۋەتىۋەتكەن. ئەمما يەنە بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن، بۇ پۇل ئازلىق قىلدى، مېڭە ئوپېراتسىيەسى قىلىدىغان بولدۇق، قان سېلىش، ئوپېراتسىيە ھەققى ئۈچۈن 25 مىڭ يۈەن ئەۋەتىڭ، دېگەن. بىچارە ئانا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بار ـ يوق پۇلىنى يىغىش، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن قەرز قىلىش ئارقىلىق 25 مىڭ يۈەن سېلىۋەتكەن. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان «بالىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى»: پۇل يەتمىدى، يەنە 10 مىڭ يۈەن سېلىڭ دېگەن. ئەمدى ئۇنىڭدا نەدىمۇ ئۇنداق پۇل بولسۇن؟ بىچارە ئانا كىمنىڭدۇر يېنىغا يىغلاپ بېرىپ، «دەردىنى» تۆكۈۋىدى، ئۇ كىشى «بۇ ئالدامچىلارنىڭ ئىشى، ئالدى بىلەن بالىڭىزغا تېلېفون قىلىپ بېقىڭ، قوشنىمىزمۇ مۇنداق ئالدامچىلىققا يولۇقۇپ زىيان تارتقان» دېدى. قورقۇنچلۇق تېلېفون بىلەن يالغۇز قىزى ئۈچۈن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ئانا قىزىغا بىۋاسىتە تېلېفون قىلىش ياكى قىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا تېلېفون قىلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، پۇل سېلىش، پۇل تېپىش بىلەن ئەقلى لال، قەلبى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ قىزىغا تېلېفون قىلدى ـ يۇ، ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، قىزى تېلېفوننى ئېلىپ ساق ـ سالامەتلىكىنى ئېيتتى... بۇ نېمە ئىش؟ ئانا ئالدىنىپ قالغان 30 مىڭ يۈەن ئۈچۈن ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى... بۇ بىچارە ئانا يوقىتىپ قويغان ئاشۇ پۇللارنى نەدىنمۇ تاپار، قانداقمۇ يىغار؟ قانداق قايتۇرۇپ بولار ـ ھە؟ ئۇششاق تىجارەت بىلەن جان باقىدىغان، تۇل ئانا شۇ تاپتا ئۆزىنى ئۆزى شۇ قەدەر ئېغىر، شۇ

قەدەر ئاچچىق، شۇ قەدەر ئەلەملىك قويۇۋەتكەنىدى. نېمە ئامال؟ كىملەردۇر تەسەللى بەردى، ھېسداشلىق قىلدى، ساقچىغا مەلۇم قىلىشتى. لېكىن ئۇنىڭ پۇلى بەربىر يوقالغان، قولىدىن، يانچۇقىدىن چىقىپ كەتكەنىدى...

## ساراسىمىگە تاقابىل تۇرغاندا

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەلۇم بانكىنىڭ تورغا خۇمار خادىمى ئەXX نىڭ ئىلخەت ئادرېسىغا: «بالىڭىز قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. ھازىر دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلىۋاتىدۇ، دەرھال 30 مىڭ يۈەن پۇل ئەۋەتىڭ، دوختۇرخانا مالىيە بۆلۈمىنىڭ بانكا ھېساب نومۇرى «...XX» دېگەن ئۇچۇر كەلدى. ئەXX بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. شۇ چاغدا ئۇ دەرھال ئىلخەت يېزىپ، ئىچكى ئۆلكىنىڭ مەلۇم شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلدى، بىراق ئۇنىڭغا جاۋاب كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلىغا تېلېفون قىلدى. تېلېفون ئېتىكلىك ئىدى. بۇ ھال ئە XX نى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. ساراسىمىگە چۈشكەن ئە XX ئايالىغا تېلېفون قىلىپ، پۇل سېلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا كىرىشتى ھەمدە بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق سورۇشتە قىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە تېلېفون قىلدى. ئوغلىنىڭ ياتاقداشلىرىغا تېلېفون قىلىپ، ئوغلى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشتى. ئوغلى سالامەت ئىدى، ياتاقداشلىرى ئەXX بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئەسلىدە ئىلخەت ئۇچۇرىنى يوللىغۇچى ئالدامچى بولۇپ، ئەXX ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى توپلىغان ھەمدە بايىقىدەك ئۇسۇل بىلەن پۇل ئۇندۇرۇۋالماقچى بولغانىدى. بىراق مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

بۇ كۈنى يەنە مەلۇم ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ئىچكى

ئۆلكىدىكى قىزى ئوقۇيدىغان شەھەردىن تېلېفون كەلگەن. تېلېفوندا:« مەن XX شەھەرلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىدىن، قىزىڭىز XX قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. ھازىر دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ. دەرھال 40 مىڭ يۈەن پۇل ئەۋەتىڭ. » دېگەن. بۇ ئادەممۇ بەك بىئارام بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالغان. ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ھوشىدىن كەتكەن. ھېلىقى رەھبەر ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان ھەمدە قىزى ھەققىدە ئۇچۇر تېپىشقا تىرىشىش بىلەن پۇل تەييارلاشقا كىرىشكەن، شۇ چاغدا تېلېفونغا پۇل ئەۋەتىدىغان بانكا كارتىسىنىڭ نومۇر ئۇچۇرى كەلگەن. قىزىنىڭ تېلېفونى ئېتىكلىك بولغاچقا، بەكمۇ جىلە بولغان، ھەر خىل خىياللارنى قىلغان. كېيىن، ئۇلار پۇلنى سېلىشقا ماڭغان. شۇ چاغدا ئۇلار قىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا تېلېفون قىلغان. ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئىشنىڭ يالغانلىقىنى، ئالدىنىپ قالماسلىقىنى دېگەن. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىزى ئۆزى تېلېفون قىلىپ، ساق - سالامەت تۇرغانلىقىنى، ئىچكى ئۆلكىلەردە مۇشۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئالدامچىلىق قىلىشنىڭ بەك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭغا پەقەت ئالدانماسلىقىنى ئېيتقان. شۇ كۈنى يەنە مەلۇم ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىرسىگە تېلېفون كەلگەن. ئۇنىڭغىمۇ بالاڭ قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدى، ھازىر ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا، دەرھال 40 مىڭ يۈەن ئەۋەتىڭلار، دېگەن. بۇ ئادەم باشقىلاردىن مۇشۇنداق ئالدامچىلىقنىڭ بارلىقىنى، بەزىلەرنىڭ يېقىندىن بۇيان ئالدىنىپ قېلىپ، نۇرغۇن زىيان تارتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا جىددىيلەشمىگەن. ئۇ دەرھال بالىسىغا تېلېفون قىلىپ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتە قىلغان ۋە بايىقى قورقۇنچلۇق ئۇچۇرنى دېگەن. بالىسى ئۆزىگىمۇ بىرسىنىڭ تېلېفون قىلىپ، تېلېفونىڭىزنى يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە ئېتىپ قويۇڭ،

تېلېفونىڭىزنىڭ سىگنالى باشقىلارنىڭ تېلېفون سىگنالى بىلەن ئارىلىشىپ قالغان، شۇنى ئوڭشاپ راۋانلاشتۇرۇپ بەرمىسەك، تېلېفون پۇلىڭىز باشقىلارغا ئېقىپ كېتىدۇ، دېگەنىدى. شۇ تاپتا تېلېفوننى ئېتەي دەپ تۇرغانىدىم، دېگەن.

مۇئەللىپ تېلېفون - ئالاقە شىركەتلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ يەردىكى خادىملارمۇ بەزى يالغان ئۇچۇر قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىنىپ قالغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ بۇنداق «ئالدامچىلارنىڭ دامى» غا چۈشمىگەنلىكىنى جىكىلىگەن. يېقىندىن بۇيان، جەمئىيەتتە ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئالدامچىلىق قىلىش، كىشىلەرنى ۋەھىمە بىلەن پاراكەندىچىلىككە سېلىش قىلمىشلىرى تەكرار يۈز بەردى. بۇنىڭغا بەزىلەر تاقابىل تۇرالىدى، بەزىلەر تاقابىل تۇرالماي ئىقتىسادىي، روھىي جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىدى. بەدەل تۆلىگەنلەرنىڭ ھالى خاراب، ئېچىنىشلىق بولدى. بۇ ئىش بىزگە نۇرغۇن ساۋاق بەردى. بۇ خىل قىلمىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش يەنىلا بىز نۆۋەتتە سەل قارىساق بولمايدىغان ئىشتۇر.

تېلېفون - ئالاقە شىركەتلىرىدىكى تېخنىك خادىملارنىڭ كۆزىتىشىگە قارىغاندا، ئالدامچىلىق ئۇچۇرى ئەۋەتكۈچىلەر ئۇچۇر ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال قارشى تەرەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئائىت ئۇچۇرنى توپلاپ، مۇھىم ۋە جىددىي دەپ قارىغان ۋاقىت، پۇرسەتنى تاللاپ، قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، ئالدامچىلىق قىلىدىكەن. مەسىلەن، بالىلارغا ئائىت ئۇچۇرنى بالىلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت كۈنلىرىگە توغرىلاپ قىلغان، يەنى «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى دېگەندەك. بەزى ئادەملەر سەپەرگە ماڭغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىغا ئۇچۇر يوللاپ ئالدامچىلىق قىلىدىكەن. ئۇچۇر ئالدامچىلىرى ئۇچ

خىل ئۇسۇلدا قارشى تەرەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى ئىگىلەيدىكەن: بىرىسى، ئىچكى جايلاردا ئوقۇيدىغان بالىلارغا ئاتا ـ ئانىلار خەت ـ پوسۇلكا ئەۋەتىدۇ، بۇنداق نەرسىلەر شۇ مەكتەپ ۋە شۇ رايونغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەلۇم ساقلاش ئورنىغا تاشلاپ قويۇلىدىكەن. بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادرېسى تولۇق ئوچۇق يېزىلغاچقا، ئۇچۇر ئالدامچىلىرى ئاشۇ نەرسىلەردىكى ئادرېسنى توپلايدىكەن. ئىككىنچىسى، كىملىك نومۇرى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئارخىپ تورى ۋە ج خ تورىدىن بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى توپلايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بانكا كارتىسى نومۇرى، مال يەتكۈزۈش ئورنىدىكى تىزىملىكلەردىن كىملىك نومۇرى، كارتا نومۇرىنى تورغا كىرگۈزۈپ، شۇ ئادەم ھەققىدىكى ئارخىپلارنى ياكى يىپ ئۇچلىرىنى تېپىپ چىقىپ ئۇچۇر ئالدامچىلىقى قىلىدىكەن؛ ئۈچىنچىسى، توردا غايىبانە تونۇشۇپ، ئەركىن پاراڭلىشىش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق ئومۇمىي ئەھۋال ئۇچۇرىغا ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ئېرىشىپ ئالدامچىلىق قىلىدىكەن. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئايرىم كىشىلەر ئاسانلا «خالتا» غا چۈشۈپ قالىدىكەن. بۇنداق ئالدامچىلىقنى تۇسۇش بەكمۇ تەس ئىكەن، چۈنكى، ئۇنداقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆچمە تېلېفونلار ياكى ئاممىۋى تېلېفونلاردا، تورخانىلاردا ئۇچۇر يوللىغانلىقتىن، دەمال بايقاشقا مۇمكىن بولمايدىكەن، مۇشۇ خىل ئۇچۇر ئالدامچىلىقىغا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق، جىددىيلەشمەسلىك، ئەتراپلىق سوراپ ھۆكۈم قىلىش، پۇل ئەۋەتىشكە ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر بىر ئادەم ئۆزى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، بالىلارغا بولغان تەربىيەنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئالدامچىلارنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ھەر كىم ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئالدامچىلارغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

يېقىنقى بىرنەچچە يىل داۋامىدا مانا مۇشۇنداق قويۇلۇپ كەتكەن ئانىلار، ئاتىلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ناھايىتى كۆپ بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر زىيان تارتتى؛ بەزىلىرى ھەتتاكى نامراتلىشىپ كەتتى؛ بەزىلەر قەرز ۋە ئاچچىق يۇتۇش سەۋەبىدىن ئۇخشىمىغان كېسەلگە گىرىپتار بولدى؛ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قازامۇ قىلدى...

## پىسخىكا ئاجىزلىقنى چەنلىگەن مۇكاپاتلىق چەك

بىر كۈنى يېزىدىكى نەۋرە تۇغقىنىمدىن تۇرغۇندىن تېلېفون كەلدى. ئۇ ماڭا بىر دانە «ئاۋدى» ماركىلىق داڭلىق ئاپتوموبىل مۇكاپات چىققانلىق خەۋىرى كەلدى. ئالاقە قىلسام ئالدى بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ ئەدلىيە گۇۋاھلىق ئورنىغا گۇۋاھلىق ئۆتەيمىز، 180 مىڭ يۈەنلىك پىكاپىقا بىر پىرسەنت بويىچە 1800 يۈەن ئەۋەتىڭ، دېدى، پۇل يوق ئەۋەتمىدىم. ئەمما ئۇلار سۆيلەۋەرگەن ئىدى، ماقۇل دەپ پۇل تاپالمىدىم، مەن ئاپتوموبىلنى ئالمايمەن، پۇل ئالىمەن دېسەم، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدى، شۇ پۇلدىن تۇتۇپ قېلىپ، قالغىنىنى ماڭا ئەۋەتىڭلار دېسەم، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئالدى بىلەن رەسمىيەت پۇللىرىنى ئەۋەتسەڭ، ئاندىن پۇل ياكى ئاپتوموبىلنى ئەۋەتىمىز دەيدۇ، قانداق قىلىمەن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكنى دېدىم، ئۇ ياق، ئۇلار ئۆتكۈزگەن مۇكاپاتلىق چەك تارتىش مۇسابىقىسىدە مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمغا چىققان ئاپتوموبىل ئىكەن، بۇنىسى راست، ماڭا ئەۋەتكەن مۇكاپاتلىق چەكتە رەسمىي تامغا ۋە باشقا نۇرغۇن رەسمىيەتلەر بار، يالغىنى يوق، يالغان دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى بارمايدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى مۇشۇنداق چەكلەر شەھەرگە يامغۇردەك يېغىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئادەم ئالدانغان، ھەتتاكى بەزىلەر ئۆۋدى بېرىدىكەن دەپ 100 مىڭ يۈەن پۇلىنى سېلىپ، ئارقىسىدىن ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ئېلىپ كېلىمىز

دەپ جېجياڭ، فۇجيەنلەرگە بېرىپ ئەخمەق بولۇپ قايتىپ كەلگەن، مانا ئەمدى ئالدامچىلار ساددا دېھقانلارنى ئالداش، بابلاشقا كىرىشىپتۇ، مەيلى قانداق بولسۇن، ھەممىسى يالغان. بۇ ئىشقا ئالدانغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى قويىدىغانلاردۇر!

تۇرغۇن شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ قىلمىدى، كېيىن ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، شۇ يەردىكى خېلى كۆپ ئادەمگە ئاشۇنداق مۇكاپاتلىق چەك كەلگەن، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئالدىنىپ پۇل ئەۋەتىپ زىيان تارتقان، تۇرغۇن مېنىڭ گېپىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: ئاشۇنداق چەككە ئىشىنىش بىزدىكى بىر خىل پسىخىكا ئاجىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، ئادەم تۇغما شەخسىيەتچى كېلىدۇ، شۇڭا قانداقلا بولسۇن، نەپ ئېلىشنى ئويلايدۇ، مانا مۇشۇنداق ئاجىزلىقتىن ئالدامچىلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنالايدىكەن، شۇڭا دەماللىقا ئۇلار ھەممە ئىشنى راستتەكلا قاملاشتۇرغان.

## ئەسلى تەلەي يانچۇقتىكى پۇلدا

مەن مۇكاپاتلىق ئويۇنلارنىڭ ھېچ بىرسىنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىلىش ئادەمنى خىيالپەرەس، تەمەخور، مىشچان قىلىپ قويىدۇ، ئۇنداق ئىشلار ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئالىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئادەم بۇنداق ئويۇنلارغا ھېرىسمەن. بىر خىزمەتدىشىم بولۇپ، ئۇ ھەر نۆۋەتلىك دو تىكىلىدىغان ھەر خىل لاتارىيە ئويۇنلىرىغا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەس - يادى ۋە خىيالى ئاشۇ ئىشتا، ئاشۇ لاتارىيە بېلىتىنىڭ مۇكاپات نومۇرىنى ئىلان قىلىش ۋە يەنە قايتا لاتارىيە بېلىتى سېتىۋېلىش بىلەن بولىدۇ. ھەيرانمەن! ئۇنىڭ شۇنچىلىك ھېرىسمەنلىكىدىن ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەتتاكى بۇ

ئىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان! ئۇ يېقىنقى 10 يىلدا ئالغان لاتارىيە بېلىتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 157 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، ئۇنىڭ كۈندىلىك ھېساب - كىتابىدا بۇ سانلار ئېنىق يېزىلغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئېيىغا 1300 يۈەنگە لاتارىيە ئويۇنى ئوينىغان. گەرچە بىر خىل پۇل تېپىش يولىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئويۇن ياخشى ئىشتەك تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يىغىندىسىدىكى سانغا قاراپ ئادەم ھەيران قالىدۇ، ئېچىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ. خىزمەتدىشىمىزغا 10 نەچچە قېتىم مۇكاپات چىققان بولسىمۇ، ئومۇمىي سوممىسى 20 مىڭ يۈەنگە يەتمىدى. دېمەك، ئۇ قاراپ تۇرۇپ، 120 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى قويۇۋەتكەن.

مۇشۇنداق لاتارىيە ئويۇنى ئويناپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس، ھەتتاكى بەزىلەر ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتتى. لاتارىيە بېلىتى ئېلىپ باي بولغان ۋە ناھايىتى چوڭ بايغا ئايلانغان ئىشنى تۇمەن قېتىم كوچا خەۋەرلىرىدە ئاڭلىدۇق، بىراق ئەتراپىمىزدىن دېگۈدەك تەلەي پۇلى ئېلىپ باققان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدۇق. بەلكىم مۇكاپات پۇلى ئۈچۈن ئاجراتقان پۇللار باشقىلارغا چىققاندۇ. بىراق يىل بويى پۇل دو تىككەنلەرنىڭ پۇلى سورۇلۇپ كەتكەندۇ. ئەمما ئارزۇسى، خىيالى، پەرەزلىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىشقا ئاشمىدى. پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان ئاز - تولا تۆھپىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىگە، ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. خۇمار بولۇش، لاتارىيەنى كەسىپ قىلىۋېلىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئازابلىرى، خىزمەت، ئائىلىگە كەلتۈرگەن كۆلپەتلىرى ئۇلارنى ھەر تەرەپلىمە پۇشايمانلارغا غەرق قىلدى. بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇكى، ئاشۇ ئويۇنلارنى ئويناشتىكى مەقسەت نەپ ئېلىش، پايدا ئېلىش بولغىنىغا ئوخشاش ئاشۇ ئويۇننى يولغا قويغۇچىلارنىڭمۇ تۇپ

مەقسىتى پايدا ئېلىش، شۇڭا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىغا قارىغاندا كېلىدىغان زىيان چوڭ بولىدۇ. بەلكىم بەزىلەرگە تەلەي كېلىپ پايدا ھەسسىلەپ كەلسىمۇ، ئۇ ئويۇننى يولغا قويغۇچىنىڭ پۇلى بولماستىن، بەلكى شۇ ئويۇنغا قاتناشقانلارنىڭ پۇلىدۇر! بۇ جەھەتتە كېلىدىغان خىيالىي پۇلغا قارىغاندا، ئەسلىدىنلا يانچۇقىڭىزدا بار، ئۇچۇپ كەتمىگەن پۇل سىزگە مەنسۇپ. قولىڭىزدا، يانچۇقىڭىزدا بولغىنىنىڭ ئۆزى تەلەيدۇر. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقىڭىزدۇر!

## قىمارۋازنىڭ ھالى ئىككى پۇل

قىمار ئويناش ھەممە مىللەتتە ئورتاق مەۋجۇت ھادىسە، بۇنى تۈزىتىش بەكمۇ مۇشكۇل. بەزىلەر قىمارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى چوڭ، ئوبوروتتىكى خاسلىقى ئالاھىدە دەيدۇ، بۇ تازا مۇۋاپىق بولمىغان قاراش. ھالبۇكى، قىمارۋازلىقمۇ خۇددى شەھۋەتپەرەسلىككە ئوخشاش نادانلارنى قۇل قىلىدىغان، بايلارنى گاداي قىلىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە. ئاقىللار تالاي قېتىم بۇ ھەقتە كەچمىشلەرنى يازدى، ئۇنى ئاڭلىغانلار، ساۋاق ئالغانلار ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى چىقىش يولىنى تاپتى، ھاياتىنىڭ قىممىتىنى تەكرار ياراتتى، ئۆزىنى قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلدۇردى، مۇكەممەللەشتۈردى، قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسى بىچارىلىك، قەرزدارلىق، ئازاب بىلەن تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا ئىكەك سالدى. قىمارۋازلاردا دىيانەت، ئىنساپ، ئەخلاق بولمايدۇ. مۆرىتى كەلسە، شەرم - ھايا، كۆيۈنۈش يوقايدۇ. قانخورلۇق، رەھىمسىزلىق، قۇلچىلىق ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. ھەتتاكى، ئەخلاقسىزلىقتا خوتۇن - قىزلىرىنى تېگىشىدۇ، ئىپپىتىنى سېتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىپپەتتىن ئىبارەت ئەڭ

ئېسىل ئادىمىلىك قىممەتنى قەرزدارلىقنى ئادا قىلىشنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىدۇ. قىمارغا بېرىلگەن، قىمار ئوينىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋەتكۈچىلەردۇر!

## گۈزەل پەردە ئىچىدىكى تۇتاش فوند

زامانىمىزدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئويۇنلار ئارقىلىق پۇل توپلاش، ئالداش ۋاسىتىلىرى تەكرار داۋاملىشىپ كەلدى. ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئادەم ئالدىنىپ كەتتى. ئالدىنىپ قېلىشتىكى سەۋەب: بىرى، ھېسسىياتقا زىيادە بېرىلىش؛ يەنە بىرسى، نەپ ئېلىشتىن ئىبارەت شەخسىيەتچىلىك! بۇنىڭدا نادانلىق بىرىنچى ئامىل. چۈنكى ئالدانغان ۋە ئالدىنىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئاشۇ ئادەملەر ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ بىرلا تەرىپىگە نەزەر تاشلىغانكى، باشقا تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلمىغان.

بىر قېتىم بىر دوستۇم ماڭا ئۇچنى بىرلىك قىلغان مۇكاپاتلىق فوندقا قاتنىشىش تەكلىپىنى بەردى. مەن ئۇنىڭغا قاتناشمايمەن دەپ كەسكىن جاۋاب بەردىم. ئۇ ماڭا چۈشەندۈردى، ھېلىقى فوندنى يولغا قويغان شىركەت مەسئۇللىرىنىڭ دۆلىتىمىز رەھبەرلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرى ھەمدە تەستىق خەتلىرىنى كۆرسىتىپ مېنى ئىشەندۈرمەكچى بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ھېلىقى شىركەتكە 300 يۈەن، بېيجىڭدىكى بىر ھۆكۈمەت تەرەپ مېيىپلار فوندىغا 300 يۈەن، ھېلىقى قولىدىكى خەتتە ئىسمى بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن ئۈچ ئادەمگە 300 يۈەندىن 900 يۈەن پۇل سېلىپ، ئۆزۈم بىلمىدىغان يەنە ئۈچ ئادەمگە مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە پۇل سېلىپ خەت ئەۋەتىشىم كېرەككەن، شۇنداق قىلسام، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ

خەتلەر تەرەپ - تەرەپلەرگە شاخلاپ تارقىلىپ، تولدۇرغان جەدۋەلدىكى مېنىڭ ئىسمىم بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ نەچچە 10 مىڭ يۈەنگە ئىگە بولىدىكەنمەن. ئۇ دوستۇم مېنىڭ چوقۇم بانكا كارتىسى بېجىرىشىمنىڭ لازىملىقىنى، بۇ دەل ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىك، سۆيلەشلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، يېقىن كەلمىدىم. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندە، مەلۇم ناھىيەدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا بۇ ئىش ئەۋج ئېلىپ، دادىدىن ئانىغا، ئانىدىن بالىغا، بالىدىن ساۋاقداش، دوستلىرىغا، بىر ئۆيدىن ھەممە ئۆيگە كېڭەيگەن، بەزى ئادەملەر ئاشۇ بەش كىشىلىك پۇلنى ئۆزىگە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەكرار سېلىش بىلەن نۇرغۇن پۇلغا قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. بىر ئوقۇتقۇچى 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزگە بوغۇلۇپ دورا يەپ ئۆلۈۋالىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزىنى ئەنە شۇنداق ئەخمەقلەرچە قويۇۋېتىدۇ.

بىر چاغدا بىنا مۇكاپاتى دەيدىغان بىر ئويۇن پەيدا بولدى، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتا تولغان ئاشۇ ئويۇننى نۇرغۇن ئادەم ناھايىتى قىزىقىش بىلەن ئوينىدى. بىرەر ئادەمنىڭ ئۆيگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمىدى، ئەكسىچە نۇرغۇن ئادەم قويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئەقلىنىڭ كورلىقىغا مىڭ لەنەت ياغدۇردى.

### ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەۋسىيە

مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداق بىر كەچۈرمىش ئۆتتى. 2007 - يىلى يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئايالىم ماڭا تېلېفون قىلىپ:

— ماڭا بىر دانە كارتا ۋە مۇكاپاتلىق چەك كەپتۇ. چەكنىڭ نومۇرىنى ئاچسام، 2 - دەرىجىلىك، 280 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى

كىچىك ئاپتوموبىل مۇكاپاتى ئىكەن، ھەيران قالدىم، قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

— بولدى تاشلىۋەت، ئۇ بىزنى ئەخمەق قىلىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن. لېكىن شۇنداق دېگەن بولساممۇ، ئايالىمنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي، مەندىن يوشۇرۇنچە ھېلىقى چەكتىكى تېلېفونغا تېلېفون قىلىپ سۆزلىشىپ بېقىپتۇ. ئۇلارنىڭ تەلپى ئالدى بىلەن بېكىتىلگەن پۇللارنى ئەۋەتىش ئىكەن. ئايالىم توختاپ قاپتۇ ۋە چەكنى ماڭا ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم.

چەكنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە: شېنجېندىكى xx ئېلېكتىرون شىركىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسىنى قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن خېرىدارلار مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتلىق چېكىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى كاتتا ئامەت ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۇرۇلغان تامغىلار ۋە كىرىشتۇرۇلگەن ھەر تۈرلۈك ئېلېكتىرون مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ئادەمنى راستلىق تۇيغۇسىغا، ئىشەنچكە ئىگە قىلاتتى. مەن سىنچىلاپ قاراپ نۇرغۇن كەمچىللىكنى تاپتىم:

**1. تامغا** ئۇرۇلغان تامغىلار ناھايىتى ئىشەنچلىكتەك تۇرسىمۇ، تامغىنىڭ يۇزىدە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى بەرگەن مەخسۇس تۈردىكى ئىناۋەتلىك تامغا نومۇرى يوق. چۈنكى بۇنداق چوڭ شىركەت ۋە زاۋۇت تامغىسىنىڭ نومۇرى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بولۇپ، ئاشۇ نومۇر ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلغاندا شىركەت ۋە زاۋۇتنى بىردەمدىلا تاپقىلى بولىدۇ. ئۆلچەملىك نومۇرنىڭ يوقلۇقى ئاشۇ شىركەت ۋە زاۋۇتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**2. ماركىسى** يوق تونۇشتۇرۇلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى بولسىمۇ، ئېنىق ماركىسى يوق. ئادەتتە ئاشۇ شىركەت ۋە

زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى بولسا، ئىنىقكى مەھسۇلات ماركىسى بولىدۇ، يەنى ئەنگە ئالغان ماركىسى ۋە باشقا بەلگىلىرى بولىدۇ، ماركا ۋە بەلگىسى بولسا، ئۇنىمۇ دەرھال تاپقىلى بولىدۇ.

3. ئادرىس ئىنىق ئەمەس چەك ۋە تونۇشتۇرۇش ماتىرىيالىدا ئىنىق ئادرىس يوق، شىنجىن شەھىرى دىيىلگەن، ئورۇن نومۇرى باشقىچە سىلىپ قويۇلغان، يەنى شىنجىن شەھىرىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئورۇن نومۇرىغا ئوخشاش ئەمەس. دىمەك شىنجىن شەھىرىدە يوق نەرسە، ئىنىقلا يالغان نەرسە بولىدۇ.

مەن كىيىن ئايالىمغا مۇنداق تەھلىل قىلىپ بەردىم. بىز بۇ شىركەت ۋە زاۋۇتنى تونۇمايمىز، شۇنداقلا بىز ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى سىتىۋالغانمۇ ئەمەس، دائىملىق خىرىدارمۇ ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، بىكارچىلا بىزگە مۇكاپات چىكى ئەۋەتىپ، مۇكاپات بىرەمدۇ؟ بىزگە بەرگەن شۇنچە كۆپ مۇكاپاتى بەدىلىگە ئۇ بىزدىن قانچىلىك نەپكە ئىگە بولىدۇ؟ پۇل تىپىشقا تۇرغان شىركەت ۋە زاۋۇت شۇنچە كۆپ پۇلنى مۇكاپات قىلىپ چېچىۋەتكىچە ئاشۇ پۇل ئارقىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى ياراتسا بولمامدۇ؟ ئىنىقكى، بىر نەرسىنى بىكاردىنلا بىر ئادەمگە بىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، بىكاردىنلا بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان بىزگە، ئايالىمغا مۇكاپات چېكى ئەۋەتىش بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ دىمەك، بۇ ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالدامچىلىق! ئايالىم قايىل بولدى، كۆرگەنلا ئادەمگە بۇنداق ئالدامچىلىقتا ئىشەنمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىپ تۇردۇق. بىزنىڭ ئىدارىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرسى دەل مۇشۇنداق قاپقانغا دەسسەپ، 30 مىڭ يۈەننى قويۇۋىتىپ ئىچى سىرىلدى... كىيىن بۇنداق مىساللار كۆپ بولۇپ كەتتى. بىراق ھېلىھەم مۇشۇ تۈردىكى ئالدامچىلىقنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ قاپقانلىرىغا دەسسەپ تۇرۇۋاتقانلارنىمۇ ئاز

دېگىلى بولمايدۇ!

نۆۋەتتە جەمئىيەتنىڭ مۇلازىمەتكە بولغان ئېھتىياجى زىيادە كۈچلۈك، كۆپ بولغانلىقتىن، تېلېگراف تارماقلىرى بەزى كەسپلەرنى كېڭەيتىپ، ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزى تۈرلەردىن مۇلازىمەت قىلغۇچىلار نامۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇچۇر ئالدامچىلىقى بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىۋاتىدۇ. تېلېفونغا پات - پات مۇكاپات بېرىدىغانلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كېلىدۇ. بۇنىڭغا تېلېفون قايتۇرسا، راستىنلا مۇكاپات بارلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئالدامچىلىق قىلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش بولۇپ، مۇكاپات ئالىدىغان ئىش چۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. ئېنىقلىنىشىچە، ئاشۇ خىل ئۇچۇرلارنى تارقاتقۇچىلار بىرلا قېتىمدا بىر مىليون تېلېفونغا يوللايدىكەن، بۇ چاغدا زادى قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئاشۇ بىر مىليون ئادەمدىن تەخمىنەن 500 مىڭ ئادەم ئەخمەقلىق قىلىپ تېلېفون قايتۇرۇشى مۇمكىن، دېمەك 500 مىڭ ئادەمنىڭ سۆزلىشىش ھەققى بىرلا يەرگە جەم بولىدۇ، شۇ ئۇچۇرنى تارقاتقان ئورۇن سۆزلىشىش ھەققىدىن پىرسەنت ئايرىش تىجارىتىنى يولغا قويغان بولسا، تېلېگراف شىركىتى ئۇلارغا يىغىلغان پۇلدىن پىرسەنت ئايرىپ بېرىدۇ. دېمەك يالغان ئۇچۇرنى تارقاتقانلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىدۇ، ئالدانغانلارنىڭ ئاقچىسى ئازىيىدۇ.

بۇ ئىشلارغا شۇنداقلا قارىساق، بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەملەر قىلغۇچىلارنى ئۆگىتىدىغاندەك، ئەگەشتۈرۈپ قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، قوبۇل قىلغۇچى بولغاچقىلا، ئۇنى قىلغۇچىلار بولىدۇ. يەنى ئالدانغۇچىلار بولغاچقىلا، ئالدىغۇچىلار بولىدۇ. ئادەتتە ناشايان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقىلاردىن كۆرىمىز، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ئادەملەر ئۇنى باشقىلارنىڭ قولى، ھەرىكىتى، تەپەككۇرى بىلەن قىلماستىن، سادىر قىلغۇچىنىڭ

قولى، ھەرىكىتى بىلەن بىۋاسىتە قىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى بىرىنچى ئامىل شۇ ئىشنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىدۇر. ئۆزى قول سېلىپ قىلغان ئىش شۇ ئادەمنىڭ ئىلكىدىكى، شۇ ئادەمنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ، شۇ ئادەم ئۆزى قىلمىسا، باشقىلارنىڭ قول سېلىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەجبۇرلىشى شۇ ئىشنى قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىمايدۇ، گەپ ھەر قانداق ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ، بولۇپمۇ نامۇۋاپىق ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ قىلماسلىقىدا بولىدۇ. كونىلار ئالدىنىدىغانلار نادانلاردۇر، ئالدامچىلار سەگەك، چېچەنلەردۇر، دەپ ئېيتقان. مەيلى قىمار ئويناپ، كەيپ - ساپاغا بېرىلسۇن، مەيلى بىلىپ - بىلمەي قاملاشمىغان ئويۇن، مۇكاپاتلىق مۇسابىقىلەرنى ئوينىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نادانلىقى ئۆزى بىلەن بىللە بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى غورىگۇل، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، كۈندىلىك تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ، ئىش - ئوقىتى زەئىپ بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، نادانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى قويغۇچىلاردۇر.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：艾米拉古丽·马木提
特约校对：美丽古丽·木明
封面设计：海米旦·塞达力木

致富丛书

**信誉之本**（维吾尔文）

阿布来提·居马土谱热克　编著

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　6.25印张　插页 2
2012 年 6 月第 1 版　2012 年 6 月第 1 次印刷

ISBN 978 - 7 - 5466 - 1314 - 7　（民文）定价:18.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: [illegible]

## بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

- ساغلام تاپاۋەت ، بېرەر ھىدايەت
- پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر
- پۇل تېپىشنىڭ ساغلام يولى
- پۇلغا يانداشقان بايانلار
- تېجەپ پۇل تېپىش
- ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش ( 1- ، 2 - قىسىم )
- بايلىق داستىخىنى - مۇلازىمەت
- سودا پۇرسىتىنى قەدىرلەڭ
- پۇل تېپىشقا يانداشقان خىرىس

ISBN 978-7-5466-1314-7
9 787546 613147 >
定价：18.00元